بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى



المسلم الصيني

4
2000

ISSN 1007-5836

中国穆斯林

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى شىنجاڭلىق ئىماملار مۇھاكىمە سىنىپى خاتىر



ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭلىق ئىماملار مۇھاكىمە سىنىپى كۇرسانتلىرىغا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.



شىنجاڭلىق ئىماملار ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا.



ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭلىق ئىماملار شەرىپىگە بەرگەن زىياپەتتە دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن ئىماملارغا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.



ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق رەھبەرلەر ئىماملار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.





ئىماملار تيەنئەنمېن راۋىقى ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ئىماملار سەددىچىن سېپىلىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.




ئىماملار دۇنيا باغچىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.
(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئالىم ئابدۇراخمان تارتقان)



ئىماملار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. سۈرەتتە تونۇشتۇرۇش ئاڭلىماقتا.

# «قۇرئان كەرىم» دىن

پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۆز يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. (16-سۈرە «نەھل»، 125-ئايەت)

ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن. (20-سۈرە «تاھا»، 44-ئايەت)

ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىلىرىلا ئېرىشەلەيدۇ. (41-سۈرە «فۇسسىلەت»، 34-، 35-ئايەتلەر)

(يۈسۈپ ھوشۇر ھەمدە يازغان)

www.uyghurkitap.com

# ھەدىس شەرىپتىن

## ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق توغرىسىدا

△ ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقىلار ئىختىلاپ قىلىشقانلىقتىن ھالاك بولغان. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

△ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار؛ كىشىلەرگە بېشارەت بېرىڭلار، ئۇلارنى ئۈركىتىۋەتمەڭلەر؛ ئىناق بولۇڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار! (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

△ ئۆزئارا دوستلاشمىغىچە ھەقىقىي مۆمىن بولمايسىلەر. (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

△ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغۇچى ئادەم، بېخىل ئادەم، قولىغا (قول ئاستىدىكىلەرگە) ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ. (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

△ كىشىلەر ئارىسىدا ئاللا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئادەم دۈشمەنلىكى قاتتىق، خۇسۇمەتچى ئادەمدۇر. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

△ ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلەر، ئۆزئارا قېرىنداشلارچە بولۇڭلار. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

△ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرگە روزىدىنمۇ، نامازدىنمۇ، سەدىقىدىنمۇ ئارتۇق ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ دېگەنىدى، ساھابىلار: ئېيتىپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەشتۇر، ئارىنىڭ بۇزۇلۇشى دىللارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرىدۇ، دېدى. (مۇنزەر رىۋايەت قىلغان)

△ كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يارىشىشقا پايدىلىق سۆزلەرنى قىلغان ئادەم يالغانچى ھېسابلانمايدۇ. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林
CHINA MUSLIM
(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بارات رەجەپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شەمشىنۇر ھۇشۇر
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
تېل: 83520073 63513181 (010) پوچتا نومۇرى: 100053
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى 119-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 830001، تېل: 2566193 (0991)

主　　办:中国伊斯兰教协会
编辑出版:《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编:夏米西丁哈吉
副 主 编:巴拉提·热吉甫
封面设计:夏美希努尔
印　　刷:中央民族大学印刷厂
发行订阅:《中国穆斯林》维文编辑部
(北京市宣武区南横西街 103 号)
邮政编码:100053
电话:(010)63513181 83520073
新疆发行站:乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码:830001 电话:(0991)2566193
刊　　号: ISSN 1007－5836　CN11－1346/B

## مۇندەرىجە

### ئالاھىدە خەۋەرلەر

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى 1-قارارلىق شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپىنى يوقلىدى ........................ بارات رەجەپ(5)
جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا 1-قارارلىق شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپى ئېچىلدى ............... بارات رەجەپ(6)

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىسلام دىنى ئەركانلىرى بىلەن ئەخلاقىنىڭ تەكپۇكلۇق مۇناسىۋىتى ............................ قەمەرىددىن ئەھمەد(8)

### «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى—«قۇرئان كەرىم»نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە رەت تۈزۈلمىسى ............. ھاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭ(13)
«قۇرئان كەرىم»دە ئىشلىتىلگەن بىر نەچچە ئوخشىتىشنىڭ رولى توغرىسىدا ..................... جارۇللا يۇسۇپ(23)

### ۋەز-تەبلىغ

ۋەز-تەبلىغ توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ...... ياڭ زۇڭدې(26)
«قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدرىگە يېتەيلى.......... مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا(30)
ئىسلام دىنى ئىلىم-پەننى تەشەببۇس قىلىپ، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرىدىغان دىن ........................ ما يەنبىڭ(35)

### تەۋسىيە

تاپقان تەرگىنىمىزنى تورۇتمايلى، ياخشىلىققا يۈزلىنىپ ياشايلى ............ .................................... ھۇسەنجان تۇرسۇن(40)

### ئاتاقلىق سەنئەتكارلىرىمىز

ئاتاقلىق رەسسام ۋە خەتتات غازى ئەھمەد ...... مەھمۇدى(41)
ھۆسنخەت ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز ...... غازى ئەھمەد(42)
غازى ئەھمەدنىڭ ئەرەبچە ھۆسنخەتلىرىدىن تاللانما...... (43)

### ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

مەنۋى قاتىللىقنىڭ رەھىمسىز پاجىئەسى ...... ھاجە ئاتىكە مىرئەھمەد(44)

### [illegible]

مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى تاشكەنت ۋە بۇخارادا ئېچىلغان "خەلقئارالىق دىنلار ئارا مۇلاقەت يىغىنى"غا قاتنىشىپ كەلدى ........... ھاجى مەھمۇدى(47)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ھەج پائالىيىتىگە تەشكىللەش، تەربىيىلەش
خىزمەت يىغىنىغا قاتناشتى ...................... ئادىل ھاجى كېرەم(48)
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى مالايسىيادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ...... ئادىل ھاجى كېرەم(49)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شىياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنى زىيارەت قىلدى................ بارات رەجەپ(50)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 6-نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام تەشۋىقات يىغىنىغا قاتناشتى ... ئادىل ھاجى كېرەم(51)
سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىرى شاھزادە سۇلتان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى
بىلەن كۆرۈشتى ............................................ ئادىل ھاجى كېرەم(51)
شىياڭگاڭ ئىسلام دىنى ھاۋالە فوندى باش ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچكى رايونلاردا زىيارەتتە بولدى ......... بارات رەجەپ(52)

ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى ......... ئۆز مۇخبىرىمىز(53)
تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ............ شاھمەردان(53)
لوپنۇر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي زاتلارنى ئېكسكۇرسىيىگە تەشكىللىدى.............. ئوسمان تالىپ(54)
چاقىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قېتىملىق ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى........ ياسىنجان غوجىئەخمەت(54)
قارا شەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ............ ئوسمان تۇرسۇن(54)

ئىسلام مائارىپى

قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە يېڭى تالىپلارنى قوبۇل قىلدى ......... ياقۇپ ھاجى(54)
قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ 3-قارارلىق تالىپلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى ......... غالىبجان مۇھەممەد(55)
قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى ..................... ياقۇپ ھاجى(55)
يەكەن ناھىيىسىدە ۋەز-تەبلىغ كۇرسى ئېچىلدى .............................. ئابلا تۇرسۇن(55)
چىرا ناھىيىسىدە تۇنجى قارارلىق غەسسالەلەر كۇرسى ئېچىلدى ............................ مەمتىرېھىم(55)
قارا شەھەر ناھىيىسىدە غەسسالەلەر كۇرسى ئېچىلدى ............................ ئوسمان تۇرسۇن(56)
توقسۇن ناھىيىسىدە ۋەزىپىدىكى ئىماملارنىڭ تۇنجى قارارلىق كۇرسى ئېچىلدى .......... شاھمەردان ئىمىنىياز(56)

[illegible]

(56) ........................................................................

[illegible]

(57) ........................................................................

[illegible]

يېڭى كىتاب خەۋىرى ........................................ (58)
شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى شىنجاڭلىق ئىماملار مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ كۇرسانتلىرى
بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ............................ ئۆز مۇخبىرىمىز(59)
"پەلەك شاھى" ئادىل ھوشۇر يەنە بىر قېتىم دۇنياۋى مۆجىزە ياراتتى ........................ ئۆز مۇخبىرىمىز(59)

[illegible]

ساخاۋەتچىلەرگە ئاپىرىن ....................................... مۇھەممەتجان سىدىقى(60)

[illegible]

ھېيت-ئايەملەرنىڭ ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ۋاقتى جەدۋىلى ......................... شەمشىدىن ھاجى (61)

[illegible]

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلارنىڭ مۇندەرىجىسى ........................ (63)
ژۇرنىلىمىز ئىشتانچىلىرىغا تەشەككۈر ........................ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى(39)

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: قەشقەردىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى
سۈرەتنى ئاۋۇت بارات تارتقان
مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: 2001-يىللىق مىلادىيە، ھىجرىيە كالېندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

★ 2000-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★

# دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى 1-قارارلىق شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپىنى يوقلىدى

2000-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى 1-قارارلىق شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپىدىكى بارلىق كۇرسانتلار بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتكە ئىماملاردىن باشقا مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. ئىسمائىل ئەھمەد كۇرسانتلارغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ئۇ ئۆز سۆزىدە، جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا ئېچىلغان 1-قارارلىق شىنجاڭلىق ياش، ئوتتۇرا ياش ئىماملار مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى، بۇنداق مۇھاكىمە سىنىپ شەكلىدىن پايدىلىنىپ ۋەزىپىدىكى ئىماملارنىڭ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىش سەۋىيىسىنى، دىنىي بىلىملىرىنى، سىياسىي سapasىنى داۋاملىق تولۇقلىشىنى ۋە ئۆستۈرۈشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ھۆكۈمىتىمىز، شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە زور ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ خۇشاللانغان ھالدا مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان "غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش" ئىستراتېگىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ پۇرسەتنى چوقۇم غەنىيمەت بىلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تىنچ-مۇقىم بولغان ۋەزىيەتنى قوغداش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە زوراۋانلىق-تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى ئەينەن مەزمۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دىنىي كىتابلاردىكى ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھىيلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەسەبىيلەر تارقىتىۋاتقان ھەر خىل بىدئەت تەلىماتلارغا رەددىيە بېرىپ، مۇسۇلمانلارغا ئەسەبىيلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاپ، ئىسلام دىنىغا ئاھانەت كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ خەۋپىنى ئېنىق، توغرا تونۇتۇش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال ئاتلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىر بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە خەلقىمىزنىڭ باياشات ياشىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك". ئۇ يەنە: "شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەشتە ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت قۇرئان-كىتابلاردىكى ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھىيلەش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى ئاكتىپ مەزمۇنلارنى قېزىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت" دەپ كۆرسەتتى.

ئىسمائىل ئەھمەد ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەكىتلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ئۈستىدە بىرقەدەر ئىنچىكە توختىلىپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتىن دەلىل-نەقىللەر ئېلىپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا بويسۇنۇش، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش، خەير-ساخاۋەت (ياخشى ئىش قىلىش) ئىلىم تەھسىل قىلىش، تىنچلىقتا بىللە ياشاش، باشقىلارغا تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۆزگە ھاي بېرىپ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، سەمىمىي ئادىل بولۇش، ئەدەبلىك، قائىدە يوسۇنلۇق بولۇش، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىش، سەۋر-تاقەتچان بولۇش، تىرىشچان-ئىقتىسادچان بولۇش (ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش)،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارىخورلۇقتا قارشى تۇرۇش، ئادىل تىجارەت قىلىش، ھەممەت-شەپقەتكە ھەشقاللا ئېيتىش، ئۆز نەپسىنى يىغىپ، مەنپەئەتنى ئومۇمغا بېغىشلاش، ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراش، يېتىم-يېسىر، تۇل خوتۇنلارغا كۆيۈنۈش، باشقىلارغا ئەپۇچان بولۇش، زىناخورلۇقتىن يىراق بولۇپ دانىشمەنلىككە يېقىنلىشىش، كەمتەر ئېھتىياتچان بولۇش، ئەر-ئاياللار باراۋەر بولۇش، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇش قاتارلىقلار». ئىسمائىل ئەھمەد بۇ ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ تۆپ روھىنى 10 جەھەتتىن يىغىنچاقلاپ كونكرېت چۈشەندۈردى، ئاخىردا ئىماملاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا قويدى: «بىرىنچىدىن، ھەر قايسى ياش، ئوتتۇرا ياش ئىماملار پىشقەدەم دىنىي زاتلارنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى ۋە ياخشى پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە ئاۋۋالقىدەكلا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئىسلام روھىنى توغرا شەرھىلەپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؛ ئۈچىنچىدىن، دىنىي سىياسەت ۋە قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشقا ياردەملىشىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؛ تۆتىنچىدىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئوبدان تەشۋىق قىلىشقا ياردەملىشىپ، مۇسۇلمانلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؛ بەشىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە يارىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن». ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بۇ نۇتقى پۈتۈن مەيداندىكى ئىمام-خاتىپلار ۋە ھەرقايسى تارماقلار رەھبەرلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىسمائىل ئەھمەد بارلىق ئىمام-خاتىپلار ۋە رەھبەرلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. ئاندىن ئىسمائىل ئەھمەد بېيجىڭدىكى شىيۈەن مېھمانخانىسىنىڭ شىنجاڭ رېستورانىدا ئىمام-خاتىپلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى. زىياپەتكە دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى قاتناشتى. يې شاۋۋېن زىياپەت نۇتقى سۆزلەپ، ئىمام-خاتىپلاردىن دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ مۇھىم نۇتقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەشتە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

(بارات رەجەپ)

## جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا 1-قارارلىق شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپى ئېچىلدى

مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى، شىنجاڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ يېقىندىن ماسلىششى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا 1-قارارلىق شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپى 2000-يىل 10-ئاينىڭ 9-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇراسىم زالىدا داغدۇغىلىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئىككىنچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى شۈەي فېڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن خەن بىڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇئاۋىن رەئىسلەر ئەلى ليۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مەسلىھەتچى ئابدۇرېھىم ئىمىن، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن مۇستافا ياڭ جىبو، بارات رەجەپ ھەمدە ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى. يىغىنغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا شۈەي فېڭ، خەن بىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزلىرىدە بۇ قېتىمقى ئىماملار مۇھاكىمە سىنىپىنى ئېچىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى، كۇرسانتلاردىن كۈتىدىغان تەلەپ-ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۇرسانتلار ۋەكىلى سۆزگە چىقىپ، بۇ قېتىمقى ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، دارىلفۇنۇن ئۇيۇشتۇرغان ھەرخىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغانلىقىنى، ئۆگىنىش،

مۇھاكىمە ئىشلىرىنى تىرىشىپ ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆتكەن ئۈمىدلىرىنى ياخشى ئاقلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ قېتىمقى ئىماملار مۇھاكىمە سىنىپىغا قاتناشقان كورسانتلار جەمئىي 30 كىشى بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئەۋەتىلگەن مۇنەۋۋەر، ياش، ئوتتۇرا ياش ئىمام-خاتىپلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدىكى پائالىيىتى ئاساسەن لېكسىيە دەرسى ئاڭلاش، سۆزلەنگەن مەزمۇننى مۇزاكىرە قىلىش، بېيجىڭ ۋە باشقا تەرەققىي قىلغان رايونلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش بولدى. ئۆگىنىش قىسقا مۇددەتلىك بولسىمۇ، بىراق ئۆتۈلگەن مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولدى. دەرسلىكلەر زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ھەربىر دەرستىن كېيىن مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دەرسلەر مۇنداق ئالتە خىل مەزمۇندا ئېلىپ بېرىلدى: ① ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز قورۇلۇشىغا دائىر مەزمۇنلار، يەنى جايلاردىكى ئۆلىمالار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، جۇملىدىن دىن ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان قاراش، بىگىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئىختىلاپ ۋە زىددىيەتلەرنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش مەسىلىلىرى لېكسىيە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىماملارنىڭ مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش ۋە بۇ مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. ② پارتىيىنىڭ دىنىي سىياستى ۋە قانۇن-نىزاملىرىغا دائىر لېكسىيەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىماملارنىڭ دىنىي سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملارغا بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى. ③ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى سۆزلىنىپ، ئىماملارنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بولۇپمۇ بىرلىكسەپ، مىللىي-دىنىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىغا بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ④ غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش جۇملىدىن شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا دىنىي زاتلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، ۋەزىپىسى سۆزلەندى. ⑤ شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ تارىخى مۇناسىۋىتى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ خەلقئارالىق ھەم دۆلىتىمىزدىكى ئومۇمىي ئەھۋالى، شىنجاڭنىڭ قىسقىچە ئىسلام تارىخى ۋە ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالى سۆزلىنىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تارىخى ۋە ئىسلام دىنى تارىخىغا بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ⑥ ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى، ئوتتۇرا شەرق ئەھۋالى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇملىدىن مەملىكىتىمىزدىكى ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن چۈشەنچە بېرىلىپ، ئىماملارنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتنى چۈشىنىش بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرىنى چۈشىنىشى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

ئىماملار ئۆگىنىش جەريانىدا پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە يوليورۇقلىرىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۆگىنىش داۋامىدا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ كورسانتلار بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى ۋە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەيلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمى رەھبەرلىرى كورسانتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن كەڭ-كۇشادە سۆھبەت ئېلىپ باردى ھەم كورسانتلارنىڭ تەلەپ-پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل بىلەن ئاڭلىدى ۋە بېيجىڭدىكى پامىر رېستورانىدا كورسانت ئىمام-خاتىپلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆگىنىش جەريانىدا ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاپىز نىياز، شىنجاڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا ھەمدۇللا، مۇئاۋىن باشلىقى شۇ شىجيې بېيجىڭدا بولغان مەزگىلدە ئالاھىدە كېلىپ ئىماملارنى يوقلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

كورسانتلار ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، تيەنئەنمېن مەيدانى، خان سارىيى، تيەنئەنمېن راۋىقى، ماۋجۇشى خاتىرە سارىيى، دۇنيا باغچىسى، يۈەنمىڭيۈەن باغچىسى، يىخېيۈەن باغچىسى، ئاجايىپخانا (ھايۋاناتلار باغچىسى)، دۇنيا باغچىسى، لۇگوچياۋ كۆۋرۈكى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش خاتىرە سارىيى، بېيجىڭ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى؛ تيەنئەنمېندە دۆلەت بايرىقى چىقىرىشنى كۆرۈش، ۋاڭفۇجىڭ پىيادىلار سودا كوچىسى ۋە شىدەن سودا كوچىسىنى كۆرۈش، بېيجىڭدىكى قەدىمىي مەسچىتلەرنى زىيارەت قىلىش، تيەنجىن، نەنجىڭ، خاڭجۇ، سۇجۇ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى ساياھەت-ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. بۇ ئارقىلىق ئىماملارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق تارىخى، مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى ئاشۇرۇلدى.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى رەھبەرلىرىنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىشى، جايلاردىكى دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇقى بىلەن 40 نەچچە كۈن داۋاملاشقان ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيە غەلىبىلىك ئاخىرلىشىپ، ئىمام-خاتىپلار ئاخىرقى ساياھەت نۇقتىسى بولغان شاڭخەيدىن بىۋاسىتە شىنجاڭغا قايتتى.

(بارات رەجەپ)

www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنى ئەركانلىرى بىلەن ئەخلاقنىڭ تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتى

قەمەرىددىن ئەھمەد

ئىسلام دىنى ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن. ئەگەر ئەخلاق بولمىسا ئىسلام ئەقدىسىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئاللاتائالادىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل بولغاندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاتائالا ۋە ئۇ كۆرسىتىپ بەرگەن ھەق يولدىكى ئىسلام دىنى، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بەخت-سائادىتى، كۆڭۈللۈك، تىنچ-ئامان ھايات كەچۈرۈپ ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىشى ئۈچۈن بېغىشلىغان. ئۇ پەقەت ئاللاتائالا تەرىپىدىن ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللىنىپ، شۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر، يول باشچى بولۇپ، ھەر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى دائىم تەكىتلەپ تۇرغان. ئۇ ”رىئال تورمۇشتىكى ئادەم، ئۇ ئۆيلەنگەن، ئاتا بولغان، سودىگەرچىلىك قىلغان، پادا باققان، ئۇرۇشقا قاتناشقان، كېسەل بولغان“. ❶ شۇ جەرياندا ئۇ ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي غورۇرى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلغان ئەمەس. ئاللاتائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەرتلىك، كەمتەرلىك، شىجائەتلىك، راستچىللىق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك قاتارلىق سۈپەتلىرىنى ئاتا قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى بولۇشقا لايىقتۇر.

ئاللاتائالادىن ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئۆز دەۋرىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىنسانچىسىگە ئېرىشكەن. ئەگەر بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۈزەل ئەخلاقنى ئۇ مۇقەددەس پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن دەپ قارىسا، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىمانسىز كىشىلەر تەرىپىدىن ئەمىن (ئىشەنچلىك) دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرىدىكىن؟ شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ ھەرگىز قارىسىغا بېرىلگەن نام ئەمەس. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن بەيتۇللانى مەككىدە ياشاۋاتقان قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ جەمەتلىرى رېمونت قىلماقچى بولغان، بەيتۇللانىڭ ئۇلىنى قايتا قۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى قارا تاشنى يۆتكەشكە توغرا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن قارا تاشنى قايسى جەمەتتىن، كىم يۆتكەش توغرىسىدا دەتالاش باشلىنىپ كەتكەن. بۇ قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ھەربىر جەمەت ئۆز جەمەتىدىن ئۆز جەمەت باشلىقىنىڭ قارا تاشنى يۆتكىشىنى ئارزۇ قىلغان. ئۆز ۋاقتىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ قەبىلە كاتتىۋېشى ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى ھەجلە دېگەن كىشى ئەگەر بۇ تالاش-تارتىشنى ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلمىسا ئاقىۋەتنىڭ قان تۆكۈلۈش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن. شۇڭا، ئۇ دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارغا ”بۈگۈن بۇ ئىشكتىن بىرىنچى بولۇپ كىرگەن كىشىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە بۇ مەسىلىنى ئاخىرلاشتۇرۇڭلار“ دېگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى بولۇپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قۇرەيش قەبىلىسى ئۇنىڭ ساداقەتمەن، راستچىل ۋە ئىشەنچلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولۇشقان. ❷

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالادىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى

---

❶ مىك . خات : «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى يۈز مەشھۇر كىشى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە) ، 6- ، 7-بەتلەر .

❷ مۇھەممەد ھۈسەيىن ھەيكەل : «مۇھەممەدنىڭ ھاياتى» شىنخۇا نەشرىياتىنىڭ 1987-يىل نەشرى (خەنزۇچە) 71- ، 72-بەتلەردىكى مەزمۇن قىسقارتىپ ئېلىندى .

تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، كىشىلەرنى ئاللانى بىر دەپ بىلىشكە ھەم ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا، تائەت-ئىبادەت ئارقىلىق ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ "ئىجتىمائىي ئەخلاق قائىدە-تۈزۈملىرىگە ۋە شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت مىزانلىرىغا ئاساس سالغان. [1]" ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ئاياللارنى قەدىرلەش ۋە مۇھتاجلارغا سەدىقە بېرىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلىدىغان قىلمىشلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چەكلىگەن. ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە ئورتاق كۆيۈنۈشى، ئۆز-ئارا چۈشىنىشى، ھالىغا يېتىشى قاتارلىقلارنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى مۇناسىۋەتتە ئادىل بولۇش، راستچىل بولۇش، ئىقتىسادچىل بولۇپ ئىسراپچىلىق قىلماسلىققا بۇيرۇغان. كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە خائىنلىق قىلىشىنى ھارام دەپ ھۆكۈم قىلغان. مانا بۇلار بىر ئائىلىدە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان زۆرۈر ئەخلاق ئامىللىرى بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ۋە ھەربىر ئائىلىدە يەنىلا ئۆز قەدىر قىممىتىنى نامايەندە قىلىپ كەلمەكتە.

كىتاب-ژۇرناللاردا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىسلام دىنى ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىك دەلىل-ئىسپات ۋە ھېكمەتلىك ئىبارىلەر «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەلگىلەپ بەرگەن ياكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ھاياتىدا ئەمەلىيلەشتۈرگەن ھەقىقەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللىنىپ، يەنە شۇ ئىنسانلارغا پەيغەمبەر سۈپىتىدە ئەۋەتىلىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرىنى تەكىتلەپ "مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم[2]" دېگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەن، لېكىن بىر دەۋردە ياشىغان زاماندىش كىشىلەر ئۇنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىغاندا، ئۇ: "ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى" دەپ جاۋاب بەرگەن.[3] ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ سۆزىنى «قۇرئان كەرىم» 68-سۈرە «قەلەم»نىڭ "سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن" دېگەن 4-ئايىتى ئىسپاتلايدۇ.

تۆۋەندە "بۈيۈك ئەخلاققا ئىگە" پەيغەمبىرىمىز دەۋەت قىلغان توغرا دىنىنىڭ ئەركانلىرى بىلەن ئۇ ئومۇملاشتۇرماقچى بولغان ئەخلاقنىڭ تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

### 1. كەلىمە شاھادەت ۋە ئەخلاق

ئىسلام دىنى ئەقىدە بىلەن ئەخلاقنى بىر-بىرىگە باغلىغان. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» 9-سۈرە «تەۋبە»نىڭ 119-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار!"**. ئاللاتائالا يەنە 31-سۈرە «لوقمان»نىڭ 17-، 18-، 19-ئايەتلىرىدە مۇنداق دېگەن: **"(لوقمان ئېيتتى...) ئى ئوغۇلچىقىم، نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋرى قىلغىن. (چۈنكى ھەقىقەتتە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرىمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللا ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇرا هال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر"** يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئاللاتائالا ئەخلاقنى تەكىتلىگەن. ئاللاتائالانى بىر، پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللانىڭ مۇخلىس بەندىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزى ئۆتەشكە تېگىشلىك پەرز ئەمەللەرنى قىلغان مۇسۇلمان مۆمىن بولىدۇ. ئاللاتائالا ئەنە شۇ خىلدىكى بەندىلىرىگە **"ئى مۆمىنلەر ئاللاھدىن قورقۇڭلار، راستچىل بولۇڭلار"** دەپ خىتاپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان بىلەن ئىنسان، چوڭ بىلەن كىچىك، ئەر بىلەن ئايال، دوست بىلەن دۈشمەن ھەتتا ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدىغان كېلىشاتقان راستچىللىقنى تەكىتلىگەن.

---

[1] مىك .خات : «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى يۈز مەشھۇر كىشى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى (ئۇيغۇرچە) ، 6- ، 7-بەتلەر .

[2] بۇ ھەدىس مۇھەممەد غەززالىنىڭ «خۇلقۇل مۇسلىم» دېگەن كىتابىنىڭ 7-بېتىدىن ئېلىندى . بۇ كىتابتا بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك ئۆزىنىڭ «مۇۋەتتا» دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغانلىقى ئىزاھلانغان . (ئەرەبچە)

[3] «سەھىھۇل مۇسلىم» 1-جىلد ، 513-بەت . (ئەرەبچە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئەخلاق بىلەن ئەقىدە-ئىماننى بىر-بىرىگە باغلىغان، ھەرگىز ئايرىۋەتمىگەن، تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئەبى شۇرەيھتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئاللا بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ئۇ ئىمان ئېيتمىدى، ئۇ ئىمان ئېيتمىدى، ئۇ ئىمان ئېيتمىدى" دېگەن، "ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى، ئۇ كىم؟" دەپ سورالغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئۆزىنىڭ مال-مۈلۈكلىرى ئۈستىدە قوشنىسىغا ئىشەنچ قىلالمىغان ئادەم" دەپ جاۋاب بەرگەن. ❶ مانا بۇ ھەدىستە ئاللاتائالاغا ئىمان ئېيتىش بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ يادروسى بولغان قوشنىلار ئارا ئۆز-ئارا ئىشىنىش ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغان. شۇ ئارقىلىق، ئېغىزدا ئىقرار قىلىپ تەستىقلىغان ئىماننى ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇشتا ئىزھار قىلىش تەكىتلەنگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئاللانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن، كىمكى ئاللاغا ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ راستلىقىغا ئىمان ئېيتسا، ئۇ ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى بولمىسا سۈكۈت قىلسۇن،❷".

دېمەك ئىمان بىلەن ئەخلاق ئىنتايىن مۇستەھكەم باغلىنىشقا ئېگىشلىك مۇكەممەل بىر ئامىلدۇر.

## 2. ناماز بىلەن ئەخلاق

مۇسۇلمانلارغا كۈندە ئۆتەشكە پەرز قىلىنغان بەش ۋاقلىق ناماز ھەرگىزمۇ بىر قائىدە-يوسۇن، ئۆرۈپ-ئادەت ۋە ياكى بىكارچىلىقتىن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت ئەمەس. مۇسۇلمانلار نامازنى ئىخلاسمەنلىك، ساپ ئەقىدىلىك ۋە توغرا نىيەت بىلەن ئۆتىگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ماھىيىتى، ساۋابى ۋە رولىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ئەڭ ئاددىيسى ئىنسانلار تۇرمۇشىدا "ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت" دېگەن ئەقلىيە سۆزنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۆز ۋاقتىنىڭ ناھايىتى رىتىملىك، مەنپەئەتلىك ھالدا ئۆتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. ناماز ئۆتەش توغرىسىدا ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» 29-سۈرە «ئەنكەبۇت»نىڭ 45-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "... ناماز (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ".

چۈنكى ھەر قانداق بىر موسۇلمان ناماز ئوقۇغاندا خۇددى ياراتقۇچى ئاللانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئوقۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ، ئۇ قۇدرەتلىك ئاللاغا سېغىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز رىزقىنى زىيادە قىلىشنى، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە نەتىجىلىك بولۇشنى تىلەيدۇ، بالا-قازا ۋە يامان ئىشلارنى ئۇنىڭ ۋە بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بېشىغا كەلتۈرمەسلىكنى ھەمدە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلاشنى ئىلتىجا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز تىلەكلىرىنىڭ ئاللاتائالادىن ئىجابەت بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆزىنى يامان ئىش، يامان سۆزلەرنى قىلىشتىن توسىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياراتقۇچى ئاللادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇدسىيدە مۇنداق دېگەن: "ناماز ئارقىلىق مېنىڭ ئۇلۇغلىقىم ئۈچۈن ئۆزىنى كەمتەر تۇتقان، بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلمىغان، كۈندۈزى مېنى ياد ئېتىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، مىسكىن يېتىملەرگە، تۇل ئاياللارغا ۋە مۇسىبەت ئازابى يەتكەن كىشىلەرگە رەھىم قىلغان كىشىلەردىن نامازنى قوبۇل قىلىمەن" دېمەك توغرا نىيەت، ساپ ئەقىدە ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئوقۇلغان نامازلا ئاللاتائالا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ ھەمدە شۇ نامازلا ناماز ئۆتىگۈچىلەرنى يامان ئىش، يامان ھەرىكەت ۋە ئېتىقادسىز گەپ-سۆزلەردىن خالىي قىلىدۇ.

## 3. سەدىقە-زاكات بىلەن ئەخلاق

ئىسلام دىنى ئەركانلىرىدىن بىرى بولغان سەدىقە-زاكات بېرىش ئوخشاشلا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. سەدىقە-زاكات ھەرگىزمۇ جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق باي بولغان مۇسۇلمانلاردىن باي بولغانلىق جازاسى ئۈچۈن مەجبۇرى ئېلىنىدىغان باج ئەمەس، بەلكى بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى نورماللاشتۇرىدىغان تەڭشىگۈچتۇر. ئۇ بولسا ئارىدا قېرىنداشلىق ۋە ئىناقلىق تۇيغۇلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، سەدىقە-زاكات بەرگۈچى ئاللاتائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارغا سىلىق مۇئامىلىدە بولۇشقا ۋە يامان گەپ-سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى كەمسىتىدىغان قىلمىشلارنى قىلماسلىققا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەردىن سەدىقە-زاكات ئېلىشنى

---

❶ «سەھىھۇل بۇخارى»، 2-جىلد، 889-بەت. (ئەرەبچە)
❷ «سەھىھۇل بۇخارى»، 2-جىلد، 889-بەت. (ئەرەبچە)

ۋە كەمبەغەللەرگە، يېتىملەرگە، تۇل ئاياللارغا ۋە خالىغان مۇھتاجەنلەرگە سەدىقە-زاكات بېرىشنى بۇيرىغان. بۇ توغرىدا ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» 9-سۈرە «تەۋبە»نىڭ 103-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن". بۇ ئايەتتىكى پاكلاش ھەرگىزمۇ جىسمانىي جەھەتتىكى پاكلاش بولماستىن بەلكى روھىي ۋە ئەقىدە جەھەتتىكى پاكلاشتۇر. پۇل-مال يىغىشنى ۋە ماددىي ئاساسنى مەنىۋى ئاساستىن مۇھىم دەپ كېلىۋاتقان بىر ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە بولغان مال-دۇنيانىڭ مەلۇم پىرسەنتىنى قاراپ تۇرۇپ باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بىراق ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاق مىزانىنى ئۆلچەم قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ۋە بىر مەسچىتتە، بىر سەپتە تۇرۇپ، بىر قىبلىگە يۈزلىنىپ بىر ئاللاغا ئىبادەت قىلىۋاتقان، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىيىنچىلىق ئەھۋالدا قالغان قېرىنداشلىرىغا سەدىقە-زاكات بېرىپ، ئۇلارنى يۆلەشكە، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە سەدىقە-زاكاتنى قانداق كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ھەققىدە ئەمەلىي شەرتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ۋاقتى-ۋاقتىدا سەدىقە بەرگەن ئادەم ئاللاتائالانىڭ چەكسىز ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. لېكىن پۇل-مال ۋە ماددىي بۇيۇملارنىڭ سەدىقە-زاكىتىنى بېرىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەدىقە بېرىشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننى سەدىقە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاق مەنزىرىسى نامايەن قىلىنغان. ئەبى زەررىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاللانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "قېرىندىشىڭنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىڭ سەدىقە بەرگىنىڭ، ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇشۇڭ سەدىقە بەرگىنىڭ، يولدىن ئازغان كىشىگە يول كۆرسىتىپ قويۇشۇڭ سەدىقە بەرگىنىڭ، كىشىلەر ماڭىدىغان يولدىن تاش، پاسكىنا نەرسە ۋە ئۇستىخانلارنى چېلىۋېتىشىڭ سەدىقە بەرگىنىڭ، ئۆز نۆۋىتىڭنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشىڭ سەدىقە بەرگىنىڭ، كۆزى كۆرمەيدىغان كىشى ئۈچۈن يول باشلاپ بېرىشىڭمۇ سەدىقە بەرگىنىڭدۇر". ❶ ھەر قانداق مۇسۇلمان بۇنداق ئاسان ۋە يېنىك بولغان سەدىقە بېرىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ ھەم شۇنىڭ بەدىلىگە چوڭ ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، سەدىقە-زاكات بەرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەسسە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ساپلاپ، ئەقىدىسىنىڭ توغرا، مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدۇ.

## 4. روزا تۇتۇش بىلەن ئەخلاق

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى. قارىماققا كىشىلەر بۇ بىر ئاي جەريانىدا يېمەك-ئىچمەك ۋە ۋاقىت جەھەتتىن مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، روزا تۇتۇش ئىنسان نەپسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەكپۇكلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنسان بىر ئاي روزا تۇتۇش ئارقىلىق، بۇنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىپ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئەگەر ئۆز نەپسىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئۆتۈپ كەتسە بەزىلەرنىڭ "ئىنسان سۆزلىيەلەيدىغان ۋە پىكىر قىلالايدىغان ھايۋان" دېگەن تەبىرىگە ئۇيغۇنلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رامىزان ئېيى ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق خاراكتېرىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە يېتىلدۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئاللانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: "كىمكى روزىدار تۇرۇپ يالغان سۆزلەشنى ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ تاماق يېمەي، سۇ ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا ئاللاتائالا مۇھتاج ئەمەس". ❷ مانا مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاق بولغاندىن كېيىن ئاندىن روزا تۇتۇشنىڭ قەدرىگە يەتكىلى بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» 2-سۈرە «بەقەرە»نىڭ 183-ئايىتىدە ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن:"ئى مۆمىنلەر! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز

❶ «مىشكاتۇل مەسابىھ»، 169-بەت. (ئەرەبچە)
❷ «سەھىھۇل بۇخارى»، 1-جىلد، 255-بەت. (ئەرەبچە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى». يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك ئاللاتائالا "ئى مۆمىنلەر" دەپ خىتاب قىلىپ راستچىل بولۇشنى بۇيرىغان بولسا، بۇ ئايەتتىمۇ "ئى مۆمىنلەر" دەپ باشلاپ، گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. دېمەك راستچىل بولغان ئادەم ھەقىقىي مۆمىن بولىدۇ، ھەقىقىي مۆمىن روزا تۇتۇپ گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالىدۇ، يەنى ھەقىقىي، راستچىل بولۇپ، ئۆزىنى، ئۆزگىنى ۋە ئاللانى ئالدىماي، چىن نىيەت ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن تۇتقان روزا ئاللاتائالا تەرىپىدىن مەقبۇل بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىمۇ ئاللاتائالانىڭ قىممەتلىك تەڭداشسىز مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە شارائىت ھازىرلىغان بولىدۇ.

### 5. ھەج-تاۋاب قىلىش بىلەن ئەخلاق

ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەھۋالى يار بەرسە، باشقا سەپەر شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلسە، ئۆمرىدە بىر قېتىم بەيتۇللانى تاۋاب قىلىش پەرزدۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى، باشقا شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىچ-پۇشۇقىنى چىقىرىپ، مال-دۇنياسىنى بۇزۇپ-چېچىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ سەپىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئاللاتائالانى بىر دەپ تونۇغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاتائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، قۇرامىغا يەتكەن ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن بىر ئىبادەتتۇر. مانا بۇ ئىبادەتنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئەخلاقلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ پەرز توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم» 2-سۈرە «بەقەرە»نىڭ 197-ئايىتىدە ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن:"ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئىدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىككە ئۈچۈن) زاد-راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد-راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار!".

ئايەتتە ئاللاتائالا ئەخلاق بىلەن ئىبادەتنى باغلاپ، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن تەقۋادار بولۇشقا بۇيرۇغان. دېمەك تەقۋادار بولۇش ئۈچۈن چوقۇم گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇش كېرەك. گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەدەب-قائىدە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ھەج پائالىيىتىنىڭ رولى توغرىسىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: "ئاللانىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: 'كىم خۇدالىق ئۈچۈن بۇ ئۆيگە (يەنى كەئبىگە) ھەجگە بېرىپ، ھەج قىلىش جەريانىدا، ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلارنى ۋە گۇناھلارنى قىلماي، ھەجنى تاماملاپ قايتسا، ئۇ خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاق بالىدەك گۇناھىدىن پاك بولۇپ قايتقان بولىدۇ❶".

گۈزەل ئەخلاق بولسا، ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇپ تونۇلۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم: "ھەقىقىي مۆمىن ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ھەر كېچىسى تەھەججۇد نەپلە نامىزى ئۆتەيدىغان ۋە كۈندۈزى نەپلە روزا تۇتىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ❷". مانا بۇ ھەدىستىن ھەر قانداق بىر مۆمىن مۇسۇلمان گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ، پەرزلەرنى ئادا قىلىپ كېتەلىسىلا، ئۇ خۇددى ھەر كېچىنى ناماز ئۆتەش بىلەن، كۈندۈزنى نەپلە روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇخلىس كىشىنىڭ ئېرىشكەن ساۋابىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق، ناچار ئىللەت ۋە قىلمىشلار بارغانچە ياماراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئىللەتلەرنى يوقىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى زادى قەيەردە؟ ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن ئەخلاق مىزانلىرى مانا بۇنىڭغا تولۇق جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنى ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ تەلپىگە يەتكۈزەلىسە، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەت بىراقلا يوقالغان بولاتتى. لېكىن بەزى كىشىلەر، ئىسلام دىنى ئەخلاق مىزانى ھازىرقى زامان پەن-مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان دەۋرگە ماسلىشىشى ئۈچۈن ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى كېرەك دېيىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنداق دېيىشىگە

❶ «سەھىھۇل بۇخارى» 1-جىلد، 244-، 245-بەتلەر. (ئەرەبچە)
❷ «سەھىھۇل مۇسلىم»، 1-جىلد، 513-بەت. (ئەرەبچە)

# «قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى

هاجى يەھيا سەنۋبەر لىن سۇڭ

## ئۈچىنچى باب❶

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە رەت تۈزۈلمىسى

### 1 . سۈرە ، ئايەت ، پارە ۋە رۇكۇئلارغا بۆلۈنۈشى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەملىك نۇسخىسى سۈرە، ئايەتلەر بويىچە رەتلەنگەن. پۈتۈن كىتاب ئۇزۇنلۇقى، ئوتتۇرا ھاللىقى ۋە قىسقىلىقى تولىمۇ پەرقلىنىدىغان 114 سۈرىگە بۆلۈنگەن، ھەربىر سۈرىمۇ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ئاز-كۆپلۈكى روشەن پەرقلىنىدىغان بىرمۇنچە ئايەتلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 6200دىن ئارتۇق ئايەت بار.

سۈرە — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، كىتابنىڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈشىنى بىلدۈرىدىغان مىقدار سۆز. «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرىلەر ئايەتلەرنىڭ نازىل بولغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلماستىن، ئومۇمەن ھەجمىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پروگراما ۋە يېتەكچى خاراكتېردىكى ئىخچام تىلاۋەت دۇئاسى ھېسابلىنىدىغان تۇنجى سۈرە — «سۈرە فاتىھە» پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ باش قىسمىغا قويۇلغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋۋال ئۇزۇن سۈرىلەر، ئاندىن ئوتتۇراھال سۈرىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن قىسقا سۈرىلەر تەرتىپى بويىچە تىزىلغان. مەسىلەن، 2-سۈرە «بەقەرە» پۈتۈن كىتابتىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە بولۇپ 286 ئايەتتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئايەتنىڭ مەزمۇنىمۇ كۆپرەك، ھەتتا بىرمۇنچە ئايەتلە بىرقانچە قىسقا سۈرىدىنمۇ ئۇزۇن. بۇ سۈرىنىڭ

---

ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق مىزانى ھېچقاچان ئۆزگەرتىلمىگەن ھەمدە ئۆزگەرمەيدۇ. 14 ئەسىر ئۆزگەرمىگەن، ھەر تۈرلۈك ئىسسىق-سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ مىزانىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» 51-سۈرە «زارىيات»نىڭ 56-ئايىتىدە "جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم" دېگەن. ئاللاتائالا ئۆزىگە قىلىنغان ئىبادەتنىڭ توغرا، مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق شۇ ئۆزگەرمەس مىزانىنى بېكىتكەن. شۇڭا ئۆزىنى مۇسۇلمان ساناۋاتقان ئەمما گەپ-سۆز، يۈرۈش-تۇرۇش ۋە مىجەز خۇلقىدىن ئىسلام دىنىنىڭ پۇرىقى كەلمەيدىغان ئاتالمىش مۇسۇلمانلار ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىشنى ئۆزىدە ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق مىزانىغا ماسلىشىشى كېرەك. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم» 13-سۈرە «رەئد»نىڭ 11-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: "ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (ئاللانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللا ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ"). دېمەك ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان پەقەت ئىسلام دىنى بەلگىلەپ بەرگەن ئەخلاق مىزانى بويىچە ياشاپ ئۇنى قوغداپ ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كېتەلىسىلا، ئۇ ھەرقانداق جەمئىيەتتە تىنچ-ئامان، خاتىرجەم، پاراۋان ياشىيالايدۇ ھەمدە جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلالايدۇ، ھەمدە ھەرگىزمۇ يەرشارى ئۈچۈن زىيادە بىر يۈك بولۇپ قالمايدۇ.

---

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستازى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

---

❶ باش قىسمى ئۆتكەنكى سانلاردا

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مىقدارى پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەخمىنەن 13 دىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە مەسىلەن، 3-سۈرە «ئال ئىمران» 200 ئايەت؛ 4-سۈرە «نىسا» 176 ئايەت؛ 5-سۈرە «مائىدە» 120 ئايەت؛ 6-سۈرە «ئەنئام» 165 ئايەت؛ 7-سۈرە «ئەئراف» 206 ئايەت؛ 8-سۈرە «ئەنفال» 75 ئايەت؛ 9-سۈرە «تەۋبە» 129 ئايەت. يۇقىرىقى بىرقانچە ئۇزۇن سۈرىلەرنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ سۈرىلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپرەك ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا زىچ ئالاقىدار بولغان بىر قاتار مەسىلىلەرگە دائىر مەزمۇنلار بولۇپ، بىرمۇنچە تۈزۈملەر ۋە پەتىۋالارنىڭ ئاساسلىنىش مەنبەسىنى مۇشۇ ئۇزۇن سۈرىلەردىن تاپقىلى بولىدۇ.

ئوتتۇرا هال سۈرىلەرگە كەلسەك، بۇ خىل سۈرىلەردە هەربىر سۈرىدىكى ئايەتلەرنىڭ سانى گەرچە 100 دىن ئاشىدىغان بولسىمۇ، ئەمما هەربىر ئايەتنىڭ مەزمۇنى تەدرىجىي قىسقىراپ بارغان. ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتىن قارىغاندا، يەنىلا ئۇزۇن سۈرىلەر ئالدىغىراق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن: 10-سۈرە «يۇنۇس» 109 ئايەت؛ 11-سۈرە «هۇد» 123 ئايەت؛ 12-سۈرە «يۇسۇف» 111 ئايەت. سۈرىلەردىكى ئايەتلەر مۇشۇنداق تەدرىجىي ئازلاپ بارغان، مەسىلەن، 47-سۈرە «مۇهەممەد» 38 ئايەت؛ 48-سۈرە «فەتھ» 29 ئايەت؛ 49-سۈرە «هۇجۇرات» 18 ئايەت. دېمەك، بۇنىڭدا سۈرىلەر ئۇزۇنراق سۈرىلەر—ئوتتۇرا هال سۈرىلەر—قىسقىراق سۈرىلەر تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئوتتۇرا هال سۈرىلەردە تەۋھىد (ئاللانىڭ بىرلىكىنى تونۇش) ۋە مۇشرىكلىكنى ئەيىبلەش ئىدىيىسى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان ياكى قەدىمكى دەۋردە ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى ئىزهارلانغان، بەزى دىنىي رەسمىيەتلەر ئۈستىدىمۇ توختالغان.

بالدۇرراق نازىل بولغان قىسقا سۈرىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاخىرقى قىسمىغا مەركەزلىكرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇلاردىن ئەڭ قىسقا سۈرىلەردە، مەسىلەن، 103-سۈرە «ئەسر»، 108-سۈرە «كەۋسەر»، 110-سۈرە «نەسر»لەردە پەقەت ئۈچتىنلا ئايەت بار. 78-سۈرە «نەبە»دىن ئەڭ دەۋرلەردە نەشر قىلىنغان ئوخشىمىغان نۇسخىلاردا

ئاخىرقى سۈرە «ناس»قىچە جەمئىي 37 تولۇق سۈرە بولۇپ، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دىكى ئومۇمىي 114 سۈرىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىگە يېقىنىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سالمىقى بولسا پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاران 30 تىن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدۇ. هالبۇكى، يالغۇز 2-سۈرە «بەقەرە»لا بۇ 37 سۈرىدىن ئىككى هەسسىدىن ئارتۇق كۆپ. بۇلاردىن شۇنىسى ئايانكى، «قۇرئان كەرىم»دە بۆلۈنگەن سۈرىلەرنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىدا پەرق ئىنتايىن روشەن. بۇ قىسقا سۈرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەككە مۇكەررەمەدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىدا ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، يامانلىقنى توسۇش كۆپرەك سۆزلەنگەن، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئىزاهلانغان، بۇ دۇنيانىڭ قۇرۇق شۆھرىتى ۋە ئاخىرەتنىڭ مەنزىرىسى بايان قىلىنغان؛ جەننەتنىڭ گۈزەل ۋە هۇزۇر-هالاۋەتلىكلىكى هەم دوزاخنىڭ زۇلمەت ۋە دەهشەتلىكلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇ سۈرىلەردە سۆزلەر كارامەت پاساهەتلىك، ئىخچام ۋە ئۆتكۈر، مەردانە، جۇشقۇن ئىپادىلەنگەن.

ئايەت—ئەرەبچە سۆز. ئادەتتە سۈرىلەر مەزمۇنى، جۈملە تۈزۈلۈشى ياكى تاۋۇش تونى بويىچە ئايەتلەرگە بۆلۈنگەن. هەربىر ئايەتنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىمۇ ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئەڭ ئۇزۇن ئايەت، مەسىلەن، 2-سۈرە «بەقەرە»نىڭ 282-ئايىتىنىڭ جۈملە، سۆز ۋە هەرپ تەركىبى ئاز دېگەندىمۇ 108-سۈرە «كەۋسەر»نىڭ ئومۇمىي سالمىقىدىن ئون هەسسىدىن ئارتۇق كۆپ. ئەڭ قىسقا ئايەت بولسا پەقەت بىرلا تاق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان؛ مەسىلەن، 101-سۈرە «قارىئە»نىڭ بىرىنچى ئايىتى پەقەت بىرلا سۆزدىن تەركىب تاپقان؛ 103-سۈرە «ئەسر»نىڭ بىرىنچى ئايىتى بىلەن 93-سۈرە «زۇها»نىڭ بىرىنچى ئايىتىمۇ پەقەت بىر تاق سۆزگە قەسەم سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان. بەزىلىرى هەتتا بىر-ئىككى هەرپتىنلا تەركىب تاپقان. مەسىلەن، 20-سۈرە «تاها»، 36-سۈرە «ياسىن»لاردا سۈرە بېشىدا كەلگەن هەرپلەر ئايرىم بىر ئايەت—بىرىنچى ئايەت قىلىپ بېرىلگەن.

پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي سانى توغرىسىدا هەرقايسى ئەللەردە تۈرلۈك ئۇنىڭدىكى سۆز هەتتا هەرپلەر سانىنىمۇ

مەلۇم پەرق بار. تەخمىنەن ئون خىل بۆلۈش ئۇسۇلى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاز قىلىپ بۆلۈنگىنىدە 6204 ئايەت بار. ئەڭ كۆپى مەملىكىتىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراش بولۇپ، ئۇنىڭدا 6666 ئايەت بار، دېيىلگەن. چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان نۇسخىلارنىڭ ھەممىسىدە 6200دىن ئارتۇق ئايەت بار، پەقەت ئاخىرىدىكى ئونلۇق سانلىرىدىلا مەلۇم ئاز-كۆپلۈك ئۇچرايدۇ. لېكىن ئومۇميۈزلۈك تارقىلىۋاتقان، تەسىرى نىسبەتەن زور بولۇۋاتقان نۇسخىلاردا، مەسىلەن، مىسىردا ھۆكۈمەت تەرەپ نەشر قىلغان نۇسخىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە كۆپلەپ نەشر قىلىنغان نۇسخىلاردا 6236 ئايەت بولۇپ، ئايەتلەرنىڭ سانى بارغانچە ئوخشاشلىققا يۈزلىنىۋاتىدۇ.

ئەگەر يۇقىرىقى 6236 ئايەتلىك نۇسخىنى ئاساس قىلساق، ئۇنىڭدا مەككە سۈرىسى 91 سۈرە بولۇپ جەمئىي 4780 ئايەتتىن، مەدىنە سۈرىسى 23 سۈرە بولۇپ جەمئىي 1456 ئايەتتىن تەركىب تاپقان.

ئايەتلەرگە بۆلۈنۈشتە، ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلىنىدىغان ھەرقانداق بىر نۇسخىدا بولسۇن، ماھىيەتتە پەقەت ئايەتكە بۆلۈش ۋاقتىدا بەزى ئايەت مەزمۇنلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتىلا ئازراق پەرق بار؛ يا مەلۇم بىر ئايەت ئىككى ئايەتكە بۆلۈنگەن، يا نەچچە ئايەت بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ئايەت قىلىنغان، ئۇلاردا پەقەت قويۇلغان نومۇرلارلا پەرقلىق بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە، سۆز-ھەرپلەر جەھەتتە قىلچە پەرق يوق، شۇڭا ئايەتلەر سانىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى ئۇنىڭ سىپايىلىكىگە نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ. ئۇنى ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈپ كېتىشنىڭمۇ قىلچە ھاجىتى يوق.

مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدرىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ چىققان، بۇلاردىن بىر خىل ھېسابلاش نەتىجىسىدە «قۇرئان كەرىم»دە 77934 سۆز، 323621 ھەرپ بار، دەپ خۇلاسىلانغان.❶

«قۇرئان كەرىم» سۈرە، ئايەتلەرگە بۆلۈنۈشتىن سىرت، يەنە بىرمۇنچە نۇسخىلاردا، قىرائەت قىلغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ھەجىم سالمىقى جەھەتتە يەنە بىرمۇنچە تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ، تېكىستىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىگە ئېنىق بەلگىلەر قويۇلغان.

ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان ئۇسۇل پارىلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى بولۇپ، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» سالماق جەھەتتە ئومۇمەن باراۋەر كېلىدىغان 30 پارىغا بۆلۈنگەن.

پارە—پارىچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە "جۈزئە" دېيىلىدۇ. پارىلارغا بۆلۈشتە ئىككى تەرەپتىكى مەقسەت كۆزدە تۇتۇلغان: ئۇنىڭ بىرسى، ئوقۇش ئېھتىياجىدىن بولغان، بىر ئاي ئوتتۇز كۈن بولۇپ، ھەر كۈنى بىر پارىدىن ئوقۇغاندا ئايلىق ئوقۇش پىلانىنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ روزا ئاي (ھىجرىيە بويىچە رامىزان ئېيى) دا پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ بولۇشقا مۇسۇلمانلار تېخىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ؛ يەنە بىرسى، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تۈپلەش ئېھتىياجىدىن بولغان، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەجمى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تۈپلىگەندە ئوقۇش قولايلىق بولىدۇ، كوللېكتىپ سورۇنلاردا ھەركىم بىر پارىدىن ئېلىپ، بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىللە ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ، بۇنداق ئوقۇش مۇراسىمىنى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئادەتتە "قۇرئان ئۆتكۈزۈش" دەپ ئاتىشىدۇ، مەسىلەن، ئاخۇن، تالىپ ۋە قۇرئان ئوقۇش ئىقتىدارى بار مۇسۇلمانلاردىن 30 كىشى بىر پارىدىن ئوقۇسا، بىر قېتىملىق يىغىلىشتا پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نى ئۆتكۈزۈپ بولغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، «قۇرئان كەرىم» پارىلارغا تەكشى-باراۋەر ھەجىمدە بۆلۈنگەن،

❶ بۇ يەردە نەقىل قىلىنغان سان ئامېرىكىلىق فىلىپ . K . ھىتتىنىڭ ئەسىرى «ئەرەبىيە ئومۇمىي تارىخى» 2-قىسىم 9-باب «قۇرئان»دىن ئېلىنىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ئىرانلىق ئالىم دوكتۇر M . روھانىنىڭ يېڭىدىن تۈزگەن «قۇرئاندىكى سۆزلۈكلەر ئىستاتىستىكىسى لۇغىتى»دە تۆرگە ئايرىپ ستاتىستىكا قىلىنىشىچە ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەككە قىسمى 86 سۈرە ، 4468 ئايەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا جەمئىي 45653 سۆز بار ئىكەن ؛ مەدىنە قىسمى 28 سۈرە ، 1768 ئايەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا جەمئىي 32154 سۆز بار ئىكەن ، بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا 114 سۈرە 6236 ئايەت ، 77807 سۆز بولىدۇ . ئۇنىڭدىن سىرت بۇلارغا ئوخشىمايدىغان ئىستاتىستىكا سانلىرىمۇ بار ، بۇلارنى بىر-بىرلەپ مىسال كەلتۈرمىدۇق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇڭا ھەرقايسى پارىلار ئىچىدىكى سۈرە-ئايەتلەرنىڭ سانىدا پەرق ئىنتايىن زور. مەسىلەن، 2-سۈرە «بەقەرە» 1-، 2-، 3-پارىغا كىرگۈزۈلگەن؛ بۇنىڭ ئىچىدىكى 2-پارە پەقەت بۇ سۈرىنىڭ 142-ئايىتىدىن 252-ئايىتىگىچە بولغان 111ئايەتنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان. 4-سۈرە «نىسا» بولسا 4-، 5-، 6-پارىغا كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى 5-پارە پەقەت بۇ سۈرىنىڭ 24-ئايىتىدىن 147-ئايىتىگىچە بولغان ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھالبۇكى، 29-پارىغا 67-سۈرىدىن 77-سۈرىگىچە بولغان 11 سۈرە كىرگۈزۈلگەن، 30-پارە بولسا، 78-سۈرىدىن 114-سۈرىگىچە بولغان 37 سۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بەزى نۇسخىلاردا «قۇرئان كەرىم» سەھىپىلىرى تېخىمۇ ئىنچىكە بۆلۈنگەن. مەسىلەن: "ھىزىب"نىڭ سالمىقى نىسبىي پارە (يېرىم پارە)، يەنى پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ 60تىن بىر باراۋىرىگە توغرا كېلىدۇ، ھەر بىر ھىزىبنى تېخىمۇ ئىنچىكە پارچىلاپ تۆتكە بۆلۈپ، تېكىستىنىڭ ئىككى يېنىغا ئۇ جاي ھىزىبنىڭ تۆتتىن بىرى، تۆتتىن ئۈچ قىسمى ئىكەنلىكىنى بەلگە بىلەن ئەسكەرتىپ قويۇش ئۇسۇلىمۇ بار، بۇ خىل بۆلۈش بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر بىر پارىدا سەككىزدىن بولغاندا پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 240 ھىزىب بەلگىسى بولىدۇ.

"مەنزىل" ئەسلىدە توختاش، ئارام مەنىلىرىدىكى سۆز. بۇ يەردە بۆلەكلەرگە ئايرىش ئاتالغۇسى بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى «قۇرئان كەرىم» يەتتە مەنزىلگە بۆلۈنىدۇ، ھەر كۈنى بىر مەنزىل ئوقۇغاندا، بىر ھەپتىدە پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نى ئۆتكۈزۈپ بولغىلى بولىدۇ.

رۇكۇئ--بۆلۈك، قاتلام مەنىلىرىدىكى سۆز. بۇنىڭدا ئايەتلەر نوقۇل ھەجىم سالمىقى جەھەتتىن تەكشى بۆلۈنگەن بولماستىن، بەلكى مەزمۇن جەھەتتىن بۆلۈنىدۇ، يەنى جۈملىسى بىر-بىرىگە باغلىنىدىغان، مەنىسى بىر-بىرىگە تۇتىشىدىغان، بىر مەركىزىي ئىدىيىنى ھاسىل قىلالايدىغان بىرقانچە ئايەتلەر بىر رۇكۇئ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، 2-سۈرە «بەقەرە» 40 رۇكۇئقا بۆلۈنگەن؛ 4-سۈرە «نىسا» 24 رۇكۇئقا بۆلۈنگەن؛ قىسقىراق سۈرىلەردە، مەسىلەن: 60-سۈرىدىن 79-سۈرىگىچە ھەربىر سۈرىدە ئادەتتە ئاران ئىككىدىن رۇكۇئ بار؛ ئۇلاردىنمۇ قىسقا سۈرىلەر، مەسىلەن، 80-سۈرىدىن كېيىنكى سۈرىلەر رۇكۇئقا بۆلۈنمىگەن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەملىكىتىمىزدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بەزى نۇسخىلىرىدا (مەسىلەن، تۇڭ داۋجاڭنىڭ تەرجىمە-تەفسىر نۇسخىسىدا) رۇكۇئقا بۆلۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ھەمدە ھەربىرىگە نومۇر قويۇلۇپ، رۇكۇئ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەر بىر رۇكۇئنىڭ ئالدىدا شۇ رۇكۇئنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، رۇكۇئقا بۆلۈش مەزمۇننى ئاساس قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت ھەجىم سالمىقى ئاساسىدا تەكشى بۆلۈنىدىغان پارە، ھىزىب، مەنزىللەرگە قارىغاندا مۇھىم ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، 9-سۈرە «تەۋبە»دە جەمئىي 129 ئايەت بولۇپ، 10- ۋە 11-پارىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ھەجمى ئوتتۇراھال سۈرە بولۇپ، رۇكۇئ بويىچە 16 بۆلەككە بۆلۈنگەن:

| رۇكۇئ | رۇكۇئ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتلەر | بۇ رۇكۇئنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|
| 1- | (1-ئايەتتىن 6-ئايەتكىچە) | كونا مۇئاھىدىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىش؛ |
| 2- | (7-ئايەتتىن 16-ئايەتكىچە) | مۇئاھىدىنىڭ بىكار قىلىنىش سەۋەبى؛ |
| 3- | (17-ئايەتتىن 24-ئايەتكىچە) | مۇشرىكلارنىڭ ساختا قىياپەتلىرى ؛ |
| 4- | (25-ئايەتتىن 29-ئايەتكىچە) | ئىسلام چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ؛ |
| 5- | (30-ئايەتتىن 37-ئايەتكىچە) | يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار (يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى)نىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى؛ |
| 6- | (38-ئايەتتىن 42-ئايەتكىچە) | تەبۇق غازىتى؛ |
| 7- | (43-ئايەتتىن 59-ئايەتكىچە) | مۇناپىقلارنىڭ قالاقلىقى؛ |
| 8- | (60-ئايەتتىن 66-ئايەتكىچە) | مۇناپىقلارنىڭ مەسخىرىسى؛ |
| 9- | (67-ئايەتتىن 72-ئايەتكىچە) | مۇناپىقلار مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ؛ |
| 10- | (73-ئايەتتىن 80-ئايەتكىچە) | |

11- (81-ئايەتتىن 89-ئايەتكىچە) مۇناپىقلارنىڭ ھۇجۇملىرى؛
12- (90-ئايەتتىن 99-ئايەتكىچە) مۇناپىقلاردىن ئادىل-جۇدا بولۇش؛
13- (100-ئايەتتىن 110-ئايەتكىچە) مۇناپىق بەدەۋىلەر (ئەئرابىلار)؛
14- (111-ئايەتتىن 118-ئايەتكىچە) مۇناپىقلارغا جازا؛
15- (119-ئايەتتىن 122-ئايەتكىچە) ئىخلاسمەنلەر؛
16- (123-ئايەتتىن 129-ئايەتكىچە) مۆمىنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى؛ ۋەھيىنىڭ پاكلاشتۇرۇش رولى.

ئۇزۇنراق سۈرىلەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، كەپ ئورامى توختىماي ئالمىشىپ تۇرىدۇ، شۇڭا رۇكۇئلارغا بۆلۈش، يەنى مەزمۇن قاتلىمى بويىچە بۆلەكلەرگە بۆلۈش تامامەن زۆرۈر بولۇپ، ئۇنى شۇنداق بۆلۈپ ئوقۇغاندا ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولىدۇ. شۇڭا بىر مۇنچە ئەللەردە نەشر قىلىنغان ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم»لەردە كۆپىنچە بۆلەكلەر بەلگىلىرى قويۇلغان. يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان بۆلەكلەر تېمىلىرىدىن قارىغاندىمۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى زور ياردىمى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

بىراق كەڭ ئوقۇرمەنلەر كۆپىنچە سۈرە-ئايەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، چۈنكى بۇلار ئاختۇرۇپ تېپىشقا قولايلىقراق، مەسچىتلەردە جۈمە نامىزى ياكى ھېيت-ئايەملەر ۋاقتىدا جامائەتنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن پارىلارغا بۆلۈپ تۈپلەپ قويۇلغان پارە نۇسخىلار بولغاچقا، پارە چۈشەنچىسى ئادەت بولۇپ قالغان. تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ بۆلۈنگەن تۈرلەرگە كىشىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. ھەربىر پارە ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە-ئايەتلەر سانىدا پەرق ناھايىتى زور بولغىنى ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى جەدۋەلنى بەردۇق (ئايرىم نۇسخىلاردا پارىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى جەھەتتە ئازراق پەرقمۇ بار).

**«قۇرئان كەرىم» پارىلىرىدىكى سۈرە - ئايەتلەر جەدۋىلى**

| پارە | باشلىنىشى: سۈرە | باشلىنىشى: ئايەتتىن | ئاخىرى: سۈرە | ئاخىرى: ئايەتكىچە |
|---|---|---|---|---|
| 1 | 1 | 1 | 2 | 141 |
| 2 | 2 | 142 | 2 | 252 |
| 3 | 2 | 253 | 3 | 92 |
| 4 | 3 | 93 | 4 | 23 |
| 5 | 4 | 24 | 4 | 147 |
| 6 | 4 | 148 | 5 | 81 |
| 7 | 5 | 82 | 6 | 110 |
| 8 | 6 | 111 | 7 | 87 |
| 9 | 7 | 88 | 8 | 40 |
| 10 | 8 | 41 | 9 | 92 |
| 11 | 9 | 93 | 11 | 5 |
| 12 | 11 | 6 | 12 | 52 |
| 13 | 12 | 53 | 14 | |
| 14 | 15 | | 16 | |
| 15 | 17 | | 18 | 74 |
| 16 | 18 | 75 | 20 | |
| 17 | 21 | | 22 | |
| 18 | 23 | | 25 | 20 |
| 19 | 25 | 21 | 27 | 55 |
| 20 | 27 | 56 | 29 | 45 |
| 21 | 29 | 46 | 33 | 30 |
| 22 | 33 | 31 | 36 | 27 |
| 23 | 36 | 28 | 39 | 31 |
| 24 | 39 | 32 | 41 | 46 |
| 25 | 41 | 47 | 45 | |
| 26 | 46 | | 51 | 30 |
| 27 | 51 | 31 | 57 | |
| 28 | 58 | | 66 | |
| 29 | 67 | | 77 | |
| 30 | 78 | | 114 | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2. سۈرە نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

«قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە نامىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى شۇ سۈرىدە نامايەن بولغان سۆزلۈكلەردىن ئېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە سۈرە بېشىدىكى 1-ئايەتتىكى سۆزلەردىن ئېلىنغىنى كۆپرەك، مەسىلەن، 89-سۈرىنىڭ 1-ئايىتى "سۇبھى بىلەن قەسەمكى" دەپ باشلانغان، بۇ سۈرىنىڭ نامىمۇ «سۈرە فەجر» («سۇبھى» سۈرىسى) دەپ ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە ھەممىلا سۈرىنىڭ مەزمۇنى سۈرە نامىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەمەس، سۈرە تېكىستى بىلەن سۈرە نامىنىڭ زىچ ئالاقىدار بولۇشى ناتايىن.

يەنە بەزى سۈرىلەرنىڭ نامى شۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان شەيئىلەر ياكى قىسمەن ۋەقەلىكلەردىن ئېلىنغان، مەسىلەن، 2-سۈرە «بەقەرە» («كالا» سۈرىسى) 286 ئايەتلىك ئۇزۇن سۈرە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت 67-ئايەتتىن 71-ئايەتكىچە بولغان بەش ئايەتتىلا بەقەرە (كالا) توغرۇلۇق سۆزلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۈرە نامى قىلىنغان. 5-سۈرە «مائىدە» («زىياپەت» سۈرىسى) 120 ئايەتكە بۆلۈنگەن، ئەمما زىياپەت ئىشى پەقەت 112-ئايەتتىن 115-ئايەتكىچە بولغان تۆت ئايەتتىلا تىلغا ئېلىنغان. 11-سۈرە «ھۇد»تا 123 ئايەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا 50-ئايەتتىن 60-ئايەتكىچە ھۇدنىڭ ئىشلىرى ئېيتىلغان، نەتىجىدە بۇ ئادەم ئىسمى سۈرە نامى قىلىنغان.

يەنە ئاز ساندىكى سۈرىلەر نامىغا قوللىنىلغان سۆزلەر شۇ سۈرىدە يولۇقمايدۇ، بۇ سۆز پەقەت يىغىنچاقلانغان ئۇقۇم سۈپىتىدە سۈرە نامى قىلىپ قوللىنىلغان. مەسىلەن 1-سۈرە «فاتىھە» («باشلىنىش» سۈرىسى) پەقەت بۇ سۈرە پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» بېشىغا قويۇلغانلىقى، تۇرلۇك ئىبادەت-رەسمىيەتلەردىمۇ مۇشۇ سۈرە ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ سۆز سۈرە نامى قىلىنغان، يەنە مەسىلەن، 112-سۈرە «ئىخلاس» — «سۈرە تەۋھىد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ — بۇ سۈرە نامىمۇ بۇ سۈرىدىكى سۆزلەردىن ئېلىنمىغان.

مەزمۇنى بىلەن سۈرە نامى يېقىن كېلىدىغان سۈرىلەردىن 12-سۈرە «يۇسۇف»دە يۇسۇف پەيغەمبەرنىڭ قىسسىلىرى مەركەزلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەقەلىكلەر جىپسىلىشىپ كەلگەن، سۈرىنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرى بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلغان. 21-سۈرە «ئەنبىيا»دا مۇسا ئەلەيھىسسالام قاتارلىق 15 پەيغەمبەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەقەلىكلەرنىڭ تەپسىلىي-ئىخچاملىقى ئوخشاش بولمىسىمۇ، شۇنداقلا ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇھىم نۇقتىلىرى بولسىمۇ، ئەمما سۈرە نامىدىن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە نامىلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلارنىڭ تۈر تىپلىرى، شەكىل-قۇرۇلمىلىرى مول ۋە خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاتائالانىڭ سۈپەتلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىم شەرىپلىرىدىن تارتىپ زامان، ماكان، شەخس ۋە شەيئىلەرگىچە، كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇز ھەم تاغ، جىلغا ۋە قۇملۇقلارغىچە، ھەتتا پەرىشتە، جىن ھەم قىسقارتما سۆز، غەيبىي سۆزلەرگىچە — ھەقىقەتەن ھەممە تەرەپلەر بار. مەسىلەن (سۈرە «فاتىھە»دىن باشقىلىرى):

**1. ئاللانىڭ سۈپەتلىرى نامىدىكى سۈرىلەر:**

مەسىلەن:

«نۇر» (نۇر) — 24-سۈرە

«فاتىر» (ياراتقۇچى) — 53-سۈرە

«غافىر» (مەغفىرەت قىلغۇچى) — 40-سۈرە

«رەھمان» (مېھرى-شەپقەت قىلغۇچى) — 55-سۈرە

«مۈلك» (ھوقۇقدار) — 76-سۈرە

«مائارىج» (ئاسمان شوتىسى) — 70-سۈرە

«ئەئلا» (ئەلا) — 78-سۈرە

«ئىخلاس» (ئىخلاس، پاك) — 112-سۈرە

**2. پەيغەمبەر، دانىشمەنلەر نامىدىكى سۈرىلەر:**

«يۇنۇس» — 10-سۈرە

«ھۇد» — 11-سۈرە

«يۇسۇف» — 12-سۈرە

«ئىبراھىم» — 14-سۈرە

«لۇقمان» — 31-سۈرە

«مۇھەممەد»—47—سۈرە

«نۇھ»—71—سۈرە

3. ئالاھىدە ئاتىلىشلار نامىدىكى سۈرىلەر:

«سافغات» (سەپ بولۇپ تۇرغۇچى)—73—سۈرە

«زارىيات» (تۇپراقنى سورىغۇچى)—15—سۈرە

«مۇززەممىل» (كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى)—73—سۈرە

«مۇددەسسىر» (كىيىمگە چۆمكىلىۋالغۇچى)—74—سۈرە

«مۇرسەلات» (پەرىشتە)—77—سۈرە

«نازىئات» (جاننى قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى)—79—سۈرە

«مۇتەففىفىن» (تارازىدا كەم بەرگۈچى)—83—سۈرە

«ئادىيات» (ھاسراپ يۈرگۈچى)—100—سۈرە

«جىن» (جىن)—72—سۈرە

4. ئادەمزات ۋە ئۇرۇغلار نامىدىكى سۈرىلەر:

«ئال ئىمران» (ئىمران ئەۋلادى)—3—سۈرە

«رۇم» (رۇملۇقلار)—30—سۈرە

«قۇرەيش» (قۇرەيشلەر)—106—سۈرە

«ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر)—21—سۈرە

«مۇئمىنۇن» (مۆمىنلەر)—23—سۈرە

«شۇئەرا» (شائىرلار)—26—سۈرە

«مۇنافىقۇن» (مۇناپىقلار)—63—سۈرە

«ھۇمەزە» (كىشلەرنى ئەيىبلىگۈچى)—104—سۈرە

«كافىرۇن» (كاپىرلار)—109—سۈرە

«ئىنسان» (ئىنسان)—76—سۈرە

«ناس» (ئىنسانلار)—114—سۈرە

5. يەر شارائىتى ۋە جاي-سورۇنلار نامىدىكى سۈرىلەر:

«ئەئراف» (ئېگىزلىك)—7—سۈرە

«ھىجر» (جىلغا)—15—سۈرە

«كەھف» (غار)—18—سۈرە

«ئەھقاف» (يەر ئىسمى)—46—سۈرە

«تۇر» (تۇر تېغى)—52—سۈرە

«بەلەد» (شەھەر، يۇرت)—90—سۈرە

«سەبەئ» (يەر ئىسمى)—34—سۈرە

«ھۇجۇرات» (ھۇجىرا)—49—سۈرە

6. ئالەم مەنزىرىلىرى نامىدىكى سۈرىلەر:

«نەجم» (يۇلتۇز)—53—سۈرە

«بۇرۇج» (بۇرۇج)—58—سۈرە

«تارىق» (تارىق يۇلتۇز)—86—سۈرە

«قەمەر» (ئاي)—54—سۈرە

«شەمس» (قۇياش)—91—سۈرە

«فەجر» (سۇبھى ۋاقىت)—89—سۈرە

«لەيل» (كېچە)—92—سۈرە

«زۇھا» (سەھەر)—93—سۈرە

«فەلەق» (پارلاق)—113—سۈرە

«رەئد» (چاقماق)—13—سۈرە

«دۇخان» (تۈتۈن)—44—سۈرە

7. ھايۋان، ئۇسۇملۇك، مىنېراللار نامىدىكى سۈرىلەر:

«بەقەرە» (كالا)—2—سۈرە

«ئەنئام» (چاھار پاي، چارۋا)—6—سۈرە

«فىل» (پىل)—105—سۈرە

«نەھل» (ھەسەل ھەرىسى)—16—سۈرە

«نەمل» (چۈمۈلە)—27—سۈرە

«ئەنكە بۇت» (ئۆمۈچۈك)—29—سۈرە

«تىن» (ئەنجۈر)—95—سۈرە

«زۇخرۇف» (ئالتۇن جابدۇق)—43—سۈرە

«ھەدىد» (تۆمۈر)—57—سۈرە

8. قىسسە، رەسمىيەتلەر نامىدىكى سۈرىلەر:

«مائىدە» (زىياپەت)—5—سۈرە

«ئىسرا» (كېچىلىك سەپەر)—17—سۈرە

«ھەج» (ھەج)—22—سۈرە

«قەسەس» (قىسسە)—28—سۈرە

«سەجدە» (سەجدە)—32—سۈرە

«جۇمئە» (جۈمە)—62—سۈرە

«ئەبەسە» (تەرىنى تۈرۈش)—80—سۈرە

«تەۋبە» (تۆۋە)—9—سۈرە

9. كىتابنىڭ نازىل بولۇشى نامىدىكى سۈرىلەر:

«فۇرقان» (مىزان، ھەق-باتىلنى ئايرىغۇچى)—25—سۈرە

«فۇسسىلەت» (ئۇچۇق بايان)—41—سۈرە

«قەدر» (قەدىرلىك)—97—سۈرە

«بەيىنە» (روشەن دەلىل)—98—سۈرە

10. جىھاد تېمىسى نامىدىكى سۈرىلەر:

«ئەنفال» (غەنىمەت، ئولجا)—8—سۈرە

«ئەھزاب» (ئىتتىپاقداش قوشۇن)—33—سۈرە

«فەتھ» (غەلبە)—48—سۈرە

«ھەشر» (سۈرگۈن)—59—سۈرە

«سەپ» (سەپ بولۇش)—16—سۈرە
«نەسر» (ياردەم)—110—سۈرە

**11. ئاخىرەت ھېساباتى نامىدىكى سۈرىلەر:**

«زۇمەر» (توپ بولۇش)—39—سۈرە
«جاسىيە» (تىزلىنىش)—45—سۈرە
«ۋاقىئە» (ۋەقە)—56—سۈرە
«تەغابۇن» (زىيان تارتىش)—64—سۈرە
«ھاققە» (ھەقىقىي قىيامەت)—69—سۈرە
«قىيامەت» (قىيامەت)—75—سۈرە
«نەبە» (خەۋەر)—78—سۈرە
«تەكۋىر» (نۇر ئۆچكەن، زۇلمەت)—81—سۈرە
«ئىنفىتار» (يېرىلىش)—82—سۈرە
«غاشىيە» (قىيامەت، چوڭ ئاپەت)—88—سۈرە
«زەلزەلە» (زىلزىلە، قاتتىق يەر تەۋرەش)—99—سۈرە
«قارىئە» (قىيامەت، چوڭ ئاپەت)—101—سۈرە

**12. ئاياللار ۋە نىكا ھ نامىدىكى سۈرىلەر:**

«نىسا» (ئايال)—4—سۈرە
«مۇجادەلە» (مۇنازىرىلەشكۈچى ئايال)—58—سۈرە
«مەريەم» (بۈۋى مەريەم)—19—سۈرە
«مۇمتەھىنە» (سىناپ كۆرۈلگۈچى ئايال)—60—سۈرە
«تەلاق» (تالاق قىلىش)—65—سۈرە
«تەھرىم» (ھارام قىلىش)—66—سۈرە

**13. قىسقارتىلغان ھەرىپلەر نامىدىكى سۈرىلەر:**

«تاھا»—20—سۈرە «ياسىن»—36—سۈرە
«ساد»—38—سۈرە «قاف»—50—سۈرە

**14. باشقا شەيئىلەر ياكى ھەرىكەتلەر نامىدىكى سۈرىلەر:**

«قەلەم» (قەلەم)—68—سۈرە
«ئەلەق» (لەختە قان)—96—سۈرە
«مائۇن» (قولقا)—107—سۈرە
«كەۋسەر» (نۇرغۇن ياخشىلىق)—108—سۈرە
«مەسەد» (مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا)—111—سۈرە
«شۇرا» (كېڭەش)—42—سۈرە
«تەكاسۇر» (پەخىرلىنىش)—102—سۈرە
«ئىنشىراھ» (كەڭ قىلىش)—94—سۈرە

سۈرە ناملىرىغا ئېلىنغان سۆزلەردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بۇنىڭدىن «قۇرئان كەرىم» تېمىلىرىنىڭ ئاجايىپ مول ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا بەزىلەر بۇ كىتابنى («قۇرئان كەرىم»نى) ئىسلام دىنىنىڭ قامۇسى دەپ ئاتىماقتا.

ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، سۈرە نامى كۆپىرەك سۈرە بېشىدىكى سۆزلەردىن ئېلىنغانلىقى ياكى پەقەتلا سۈرە ئىچىدىكى مەلۇم بىر سۆزلۈك سۈرە نامى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، سۈرە نامىنىڭ پۈتۈن سۈرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ بەرگەن بولۇشى ناتايىن. شۇڭا پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دىن تولۇق خەۋىرى بولمىغان ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭدىكى مەلۇم مەزمۇن ياكى ھۆكۈمنى ئىزدىمەكچى بولغاندا، يالغۇز سۈرە نامىغا قاراپ تاپسا ئانچە توغرا بولۇپ چىقمايدۇ. بەزىدە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا دائىر ماتېرىياللىنى سۈرە نامى بويىچە ئىزدىگەندە ئۇنۇمى ياخشى بولماي قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ناۋادا سىز يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئىسمى دەل 10—سۈرىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ سۈرىنى باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن پەقەت بۇ سۈرىنىڭ 98—ئايىتىدىلا ئۇنىڭ ئىسمى غىل-پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ-دە، بۇ سۈرە مەزمۇنىدا يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ قىسسىلىرى سۆزلەنمىگەن بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قىسسىلىرى بولسا 39—سۈرىنىڭ 139—ئايىتىدىن 148—ئايىتىگىچە بولغان ئايەتلەردە ئانچە-مۇنچە بايان قىلىنغان، ھالبۇكى 39—سۈرىنىڭ سۈرە نامى «سۈرە زۇمەر» (توپ بولۇش) دۇر.

ئەمەلىيەتتە پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە يۇنۇس پەيغەمبەر ھەققىدىكى بايانلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى پەقەت تۆت قېتىملا تىلغا ئېلىنغان. ۋاھالەنكى «قۇرئان كەرىم»دە ئەڭ كۆپ بايان قىلىنغان، جەمئىي 34 سۈرىدە كۆزگە چېلىقىدىغان، ئىسمى 136 قېتىم تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر—مۇسا ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىش-ئىزلىرى خىلىلا مۇپەسسەل سۆزلەنگەن، ۋەقەلىكلەرمۇ ھاياجانلىق ۋە مۇرەككەپ بايان قىلىنغان، لېكىن مۇسا دېگەن ئىسىم سۈرە نامى قىلىنمىغان.

شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى تەتقىق قىلىشتا،

بولۇپمۇ پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىنى پىششىق ئىگەللىيەلمىگەن ئەھۋالدا، ئەڭ ياخشىسى تۈرلەرگە بۆلۈپ، ئاچقۇچ (ئىندېكس) بېرىلگەن لۇغەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا ئەسلىي ئايەتلەردە قوللىنىلغان ئەرەبچە سۆزلۈكلەرنى پىششىق ئىگەللىۋېلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا مەسىلىنى تېزرەك ھەل قىلىپ، مەزمۇننىڭ بار يېرىنى تېپىۋېلىش مۇمكىن.

## 3 . سۈرىلەرنىڭ نازىل بولۇشتىكى ئىلگىرى-ئاخىرلىق تەرتىپى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىسىدا سۈرىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپى جەھەتتە سۈرە «فاتىھە»دىن باشقىلىرى ئاساسەن ھەجمىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى بويىچە تىزىلغان، يەنى ئالدىغا ئۇزۇن سۈرىلەر، ئاندىن ئوتتۇرا ھال سۈرىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن قىسقا سۈرىلەر قويۇلغان. بۇ ئۇنى دائىم ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلارغا تونۇشلۇق تەرتىپ.

ئەمما، ناۋادا «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنىڭ نازىل بولغان ۋاقتىنى بىلمەكچى بولۇپ، قايسى سۈرىنىڭ ئاۋۋال، قايسى سۈرىنىڭ كېيىن تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىقلىماقچى بولسىڭىز، سۈرىلەرنىڭ يۇقىرىقى تەرتىپى كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى ئومۇملاشقان بۇ نۇسخىدا، ھەتتا مەككە دەۋرىدىكى سۈرىلەر بىلەن مەدىنە دەۋرىدىكى سۈرىلەر ئېنىق ئايرىۋېتىلمىگەن، پەقەت سۈرىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا قاراپلا كىرىشتۈرۈپ يىغىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا بەزىلەر ئۇنى تارىخىي ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا بىرلەشتۈرۈپ سىستېمىلىق تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئىشلىگەندە، سۈرىلەرنى نازىل بولغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى بويىچە تىزىپ چىققان. بۇنداق تىزىپ چىقىشنىڭمۇ قىممىتى بار، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى تىزىلىش جەھەتتىكى مەزمۇننى تاپماقچى بولغاندا، خاملىق ھېس قىلىپ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالىمىز. شۇڭلاشقا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر مۇنچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدا، سۈرىلەر گەرچە ئاساسەن ئەسلىدىكى ئۆلچەملىك نۇسخىدىكىسى بويىچە تىزىلغان بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۈرىلەرنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى تەرتىپى بويىچە تىزىلغان مۇندەرىجىسىمۇ قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن، بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ناھايىتى زۆرۈر، چۈنكى سۈرىلەرنىڭ ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى تەرتىپى بىلەن ئەمەلىي نازىل بولغان ۋاقىت تەرتىپى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن پەرق ناھايىتى زور. مەسىلەن، ئەڭ ئاۋۋال نازىل بولغان «ئەلەق» (لەختە قان) سۈرىسى 96-سۈرە قىلىپ تىزىلغان، ئۆلچەملىك نۇسخىدا كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا قويۇلغان 114-سۈرە «ناس» (ئىنسانلار) نازىل بولغان ۋاقتى بويىچە تىزىلغاندا 21-سۈرە بولۇشى كېرەك ئىدى. پۈتۈن كىتابتا ئەڭ ئۇزۇن سۈرە بولغان 2-سۈرە «بەقەرە» بولسا ئۇنىڭ ۋاقتى بويىچە تىزىلسا 87-سۈرە بولۇشى كېرەك ئىدى.

«قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى بىلىش، ئۇنىڭ نازىل بولغان يىللىرى تەرتىپىنى چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش ئۈچۈن، ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى مۇندەرىجە تەرتىپكە سېلىشتۇرىلىدىغان بىر ماتېرىيال بېرىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئىنچام ۋە ئاددىي بولۇش، قايتىلاپ ئىزدەپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى سۈرىلەر تەرتىپىنى پەقەت ئۇنىڭ نازىل بولۇش ئىلگىرى-ئاخىرلىقى تەرتىپى بىلەن ئېپادىلەپ بەرسەكلا باشقىدىن سېلىشتۇرما جەدۋىلى بەرمىسەكمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى سۈرىلەر تەرتىپى ھەرقانداق بىر «قۇرئان كەرىم» مۇندەرىجىسىدە ئوپئوچۇق، ئۇنى قايتا كۆچۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق.

تۆۋەندە سۈرىلەرنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى تەرتىپى بىلەن ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى سۈرىلەر تەرتىپىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى بېرىمىز.

www.uyghurkitap.com

| نازىل بولغان ۋاقىت تەرتىپى | سۈرە نامى | ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى تەرتىپى | نازىل بولغان ۋاقىت تەرتىپى | سۈرە نامى | ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى تەرتىپى | نازىل بولغان ۋاقىت تەرتىپى | سۈرە نامى | ئۆلچەملىك نۇسخىدىكى تەرتىپى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | «ئەلەق» | 96 | 39 | «ئەئراف» | 7 | 77 | «مۇلك» | 67 |
| 2 | «قەلەم» | 68 | 40 | «جىن» | 72 | 78 | «هاققە» | 69 |
| 3 | «مۇززەممىل» | 73 | 41 | «ياسىن» | 36 | 79 | «مائارىج» | 70 |
| 4 | «مۇددەسسىر» | 74 | 42 | «فۇرقان» | 25 | 80 | «نەبە» | 78 |
| 5 | «فاتىھە» | 1 | 43 | «فاتىر» | 35 | 81 | «نازىئات» | 79 |
| 6 | «مەسەد» | 111 | 44 | «مەريەم» | 19 | 82 | «ئىنفىتار» | 82 |
| 7 | «تەكۋىر» | 81 | 45 | «تاھا» | 20 | 83 | «ئىنشىقاق» | 84 |
| 8 | «ئەئلا» | 87 | 46 | «ۋاقىئە» | 56 | 84 | «رۇم» | 30 |
| 9 | «لەيل» | 92 | 47 | «شۇئەرا» | 26 | 85 | «ئەنكەبۇت» | 29 |
| 10 | «فەجر» | 89 | 48 | «نەمل» | 27 | 86 | «مۇتەففىفىن» | 83 |
| 11 | «زۇھا» | 93 | 49 | «قەسەس» | 28 | 87 | «بەقەرە» | 2 |
| 12 | «ئىنشىراھ» | 94 | 50 | «ئىسرا» | 17 | 88 | «ئەنفال» | 8 |
| 13 | «ئەسر» | 103 | 51 | «يۇنۇس» | 10 | 89 | «ئال ئىمران» | 3 |
| 14 | «ئادىيات» | 100 | 52 | «هۇد» | 11 | 90 | «ئەھزاب» | 33 |
| 15 | «كەۋسەر» | 108 | 53 | «يۇسۇف» | 12 | 91 | «مۇمتەھىنە» | 60 |
| 16 | «تەكاسۇر» | 102 | 54 | «هىجر» | 15 | 92 | «نىسا» | 4 |
| 17 | «مائۇن» | 107 | 55 | «ئەنئام» | 6 | 93 | «زەلزەلە» | 99 |
| 18 | «كافىرۇن» | 109 | 56 | «سافات» | 37 | 94 | «ھەدىد» | 57 |
| 19 | «فىل» | 105 | 57 | «لوقمان» | 31 | 95 | «مۇھەممەد» | 47 |
| 20 | «فەلەق» | 113 | 58 | «سەبەئ» | 34 | 96 | «رەئد» | 13 |
| 21 | «ناس» | 114 | 59 | «زۇمەر» | 39 | 97 | «رەھمان» | 55 |
| 22 | «ئىخلاس» | 112 | 60 | «غافىر» | 40 | 98 | «ئىنسان» | 76 |
| 23 | «نەجم» | 53 | 61 | «فۇسسىلەت» | 41 | 99 | «تەلاق» | 65 |
| 24 | «ئەبەسە» | 80 | 62 | «شۇرا» | 42 | 100 | «بەييىنە» | 98 |
| 25 | «قەدر» | 97 | 63 | «زۇخرۇف» | 43 | 101 | «ھەشر» | 59 |
| 26 | «شەمس» | 91 | 64 | «دۇخان» | 44 | 102 | «نۇر» | 24 |
| 27 | «بۇرۇج» | 85 | 65 | «جاسىيە» | 45 | 103 | «ھەج» | 22 |
| 28 | «تىن» | 95 | 66 | «ئەھقاف» | 46 | 104 | «مۇنافىقۇن» | 63 |
| 29 | «قۇرەيش» | 106 | 67 | «زارىيات» | 51 | 105 | «مۇجادەلە» | 58 |
| 30 | «قارىئە» | 101 | 68 | «غاشىيە» | 88 | 106 | «هۇجۇرات» | 49 |
| 31 | «قىيامەت» | 75 | 69 | «كەھف» | 18 | 107 | «تەھرىم» | 66 |
| 32 | «هۇمەزە» | 104 | 70 | «نەھل» | 16 | 108 | «تەغابۇن» | 64 |
| 33 | «مۇرسەلات» | 77 | 71 | «نۇھ» | 71 | 109 | «سەپ» | 61 |
| 34 | «قاف» | 50 | 72 | «ئىبراھىم» | 14 | 110 | «جۇمۇئە» | 62 |
| 35 | «بەلەد» | 90 | 73 | «ئەنبىيا» | 21 | 111 | «فەتھ» | 48 |
| 36 | «تارىق» | 86 | 74 | «مۇئمىنۇن» | 23 | 112 | «مائىدە» | 5 |
| 37 | «قەمەر» | 54 | 75 | «سەجدە» | 32 | 113 | «تەۋبە» | 9 |
| 38 | «ساد» | 38 | 76 | «تۇر» | 52 | 114 | «نەسر» | 110 |

سېلىشتۇرمىدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، پەقەت 38-سۈرە (سۈرە «ساد»)، 71-سۈرە (سۈرە «نۇھ»)، 82-سۈرە (سۈرە «ئىنفىتار»)دىن ئىبارەت ئۈچ سۈرىنىڭ تىزىلىش تەرتىپىلا نازىل بولغان ۋاقىت تەرتىپى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

(تەرجىمە قىلغۇچى: شەمشىدىن ھاجى)

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا بېرىلىدۇ)

# «قۇرئان كەرىم»دە ئىشلىتىلگەن بىر نەچچە ئوخشىتىشنىڭ رولى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

جارۇللا يۇسۇپ

«قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە-ئايەتلەر ئاللاتائالانىڭ بىۋاستە سۆزى بولۇپ، ئىنسانلار جۈملىدىن مۇسۇلمانلار چوقۇم ئەمەل قىلىش، شەرتسىز ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىنغان قىبلىنەما. «قۇرئان كەرىم» ھەقىقەتەنمۇ مۆجىزە دەرىجىسىدىكى ساماۋى كىتاب، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ سۈرە-ئايەتلىرىدە ئىشلىتىلگەن نۇرغۇن ئوخشىتىشلارنى ئۇچرىتىدۇ. بۇ ئوخشىتىشلار «قۇرئان كەرىم» تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، «قۇرئان كەرىم» تىلىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇشىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن.

ئوخشىتىش—ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان، لېكىن مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىقى بار شەيئىلەرنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلارنىڭ بىرى. ئوخشىتىش ھەرقانداق بىر ئەسەر، كونتېكىست ياكى نۇتۇقتا مۇۋاپىق ئىشلىتىلسە، شۇ ئەسەر، كونتېكىست ياكى نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقى ۋە چۈشىنىشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»گە قارايدىغان بولساق، ئوخشىتىش خېلى كۆپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان. يەنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق بولۇش، چۈشىنىشلىك بولۇش جەھەتلەردە زور دەرىجىدە ئوڭايلىق، ئاسانلىق يارىتىپ بېرىلگەن. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە ئەمەلىي پائالىيىتىدە چوقۇم ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان ئىسلام دىنى ئەھكام، نىزام، قانۇنلىرىدا، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش، ئىبرەت ئېلىش خاراكتېرىدە چۈشۈرۈلگەن ئايەتلەردە ئوخشىتىش مەركەزلىك قوللىنىلغان. بۇنداق بولۇشى يەنىلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرچانلىقى ۋە چۈشىنىشلىك بولۇش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

تۆۋەندە «قۇرئان كەرىم»دە ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىشلاردىن بىر قانچىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

**1. "قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ. تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ"** (101-سۈرە «قارىئە»، 3—5-ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەردىكى ئوخشىتىش ئىستىلىستىكا جەھەتتىن ئېنىق ئوخشىتىش بولۇپ كەلگەن. يەنى، ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشالغۇچى ھەر ئىككىسى ئېنىق ھۆكۈم شەكلىدە كەلگەن.

ئايەت مەزمۇنىدا، قىيامەتنىڭ ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى، قىيامەتتە ھەتتا تاغلارمۇ ئېتىلغان يۇڭدەك ئۇششاقلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ خۇددى پەرۋانىلەردەك پىتىراپ، قىيامەت سورىقى ئۈچۈن تەق بولىدىغانلىقىنى ئاللاتائالا ئىنسانلارغا ئالدىن زىكرى قىلىپ ئۆتكەن.

بۇ ئايەتلەردىكى **"ئېتىلغان يۇڭ"** ۋە **"پەرۋانە"** سۆزلىرى ئوخشىغۇچى بولۇپ كېلىپ، قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىنى جانلىق سۈرەتلەشتە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا قىيامەت دەھشىتىنىڭ تۆۋەندىكىدەك مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ:

"ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان تاغلارنىڭ يۇڭ ئېتىلغاندەك ئۇششاقلىنىپ، پارچىلىنىپ كېتىشىنى ھېچ بىر ئىنساننىڭ كۆرگىنى يوق، ھەمدە

ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتىدىن باشقا ھېچ قانداق بىر كۈچنىڭ بۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. يەر يۈزىدىكى بارچە شەيئى قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن ساراسىمىگە چۈشىدۇ. بارچە تەبىئەت لەرزىگە كېلىپ، ئاللانىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىدۇ. ئىنسانلار بولسا ئوت ئەتراپىدا تىنىم تاپماستىن ھەرىكەت قىلىدىغان پەرۋانىلاردەك پىتىراپ، چالۋاقاپ قىيامەت دەھشىتىدىن گاڭگىراپ قالىدۇ».

مانا شۇنداق ئىنسانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن ئايەتلەردە، بۇ ئوخشىتىشنىڭ دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك قوللىنىلىشى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان، يەنى ھەر بىر مۇسۇلمان مەيلى قۇرئان ئوقۇيالايدىغان ياكى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان ئادەم بولسۇن، بۇ ئايەت مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ، ئېسىدە ساقلىيالايدۇ، ياراتقان ئىگىسى ئاللاتائالاغا چىن ئىخلاسى بىلەن تەسبىھلەر ئېيتىدۇ. بۇ ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەن ئىككى ئوخشىتىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئايەت مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىشى ئۈچۈن چوڭ رول ئوينىغان. ئەگەر بۇ ئوخشىتىشلار بولمىغاندا ئىدى، بۇ ئايەت ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنچىۋالا تەسىر قىلماس، چۈشىنىشلىك بولماس ئىدى.

2. **"ئۇلار نېمىشقا ۋەز (يەنى قۇرئان) دىن يۈز ئۆرۈيدۇ. گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر"** (74-سۈرە «مۇددەسسىر»، 49-51-ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەردە قوللىنىلغان ئوخشىتىش تۇرىمۇ ئېنىق ئوخشىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەك ئوخشالغۇچى، ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان، ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈگەن، ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغانلار ئوخشىغۇچى بولۇپ كەلگەن. ئوخشالغۇچى مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلار ئىنتايىن ئوبرازلىق ھالدا يولۋاستىن قاچقان ياۋا ئېشەككە ئوخشىتىلغان. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ياۋا ئېشەك، ئادەتتە ئىنسانلار كۆندۈرگەن ئېشەكتىنمۇ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان جاھىل، كاج، ھېچقانداق بىر مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان، ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئارتۇقچە ھايۋاندۇر.

ئەمدى، ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىدا ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغان مۇشرىكلاردىن، مۇناپىقلاردىن يىرگىنىدۇ، يەنى ياۋا ئېشەكتىن يىرگەنگەندەك يىرگىنىدۇ. ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ مۇقەددەس كالامغا بويى سۇنمىغان ۋە ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى بىلەلەيدۇ. بۇ ئوخشىتىشنىڭ قوللىنىلىشى پۈتۈن «مۇددەسسىر» سۈرىسىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا بولغان تەسىرچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۆتكۈر، جانلىق قوللىنىلغان ئوخشىتىش مۇسۇلمانلارغا ئەستىن چىققۇسىز ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

3. **"...ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە (سۆزىنىڭ پاساھەتلىكىدىن) سۆزىگە قۇلاق سالىسەن، (ئىلمسىز، ئەقىلسىز، پاراسەتسىزلىكتە) گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان (چىرىپ قالغان) ياغاچلاردۇر"** (63-سۈرە «مۇنافىقۇن»، 4-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بۇ ئايەتتە قوللىنىلغان ئوخشىتىش تولىمۇ ماھارەت بىلەن ئېلىنغان. پەقەت مۇشۇ بىر ئايەتنىلا پۈتۈن «مۇنافىقۇن» سۈرىسىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. ئايەتتە، تامغا يۆلەپ قويۇلغان ياغاچ ئوخشالغۇچى، ئىلمسىز، ئەقىلسىز، پاراسەتسىز مۇناپىقلار ئوخشىغۇچى بولۇپ كەلگەن.

ئەمدى، ئايەت مەزمۇنىدىن ئوخشىتىشنىڭ رولىنى كۆرۈپ باقايلى:

مۇناپىقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياسالمىلىق، شەخسىيەتچىلىك، خۇشامەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار دائىم باشقىلارغا ياخشىچاق بولۇۋالىدۇ. قىسقىسى، چىرايلىق قاچىغا لىق تولدۇرۇلغان زەھەرگە ئوخشايدۇ. مۇناپىقلار قارىماققا بىلىملىك، ئەقىللىقتەك بىلىنگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى نادانلىق، ئەقىلسىزلىكنىڭ تۇمانلىرى قاپلاپ كەتكەن. ئۇلار ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتمايدۇ، ئاللانىڭ مۇقەددەس كالامىغا ئىمان كەلتۈرمەيدۇ، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلار كارغا كەلگۈسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن، يەنى تامغا يۆلەپ قويۇلغان، سىرتى پىگى، مۇستەھكەمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچ-ئىچىدىن سېسىغان، كارغا كەلگۈسىز پور ياغاچقىلا ئوخشايدۇ. بۇنداق ياغاچ پەقەت ئوتۇن قىلىشقىلا (ياخشى ئوتۇن بولالمىسىمۇ) يارىغاندەك، بۇ جاھىل، كاج، پاراسەتسىز، ئىچى بىلەن سىرتى ئوخشىمايدىغان مۇشرىك، مۇناپىقلار دوزاخقىلا تۇترۇق بولىدۇ دېگەن ئىدىيىنى ھېچ قىينالمايلا ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئايەتتە، بۇ ئوخشىتىش بولمىغان بولسا

ئىدى، بىز يۇقىرىقىدەك ئايەت مەزمۇنىنى ئەسلا ھېس قىلالماس ئىدۇق. بۇ ئوخشىتىشنىڭ قوللىنىلىشى بىر جەھەتتىن ئاللانىڭ مۇناپىقلارغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى، يەنە بىر جەھەتتىن ئاللانىڭ ئۆزگەرمەس، جاھىل مۇناپىقلارغا مەھشەرگاھتىكى ئاقىۋەتتىن بەرگەن سىگنالى.

ئاللاتائالانىڭ مۇقەددەس كالامى «قۇرئان كەرىم»دە قوللىنىلغان ۋە تولىمۇ پۇختىلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن قىلىنغان بۇ ئوخشىتىش «مۇنافىقۇن» سۈرىسىنىڭ تەسىرچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە غايەت زور رول ئوينىغان.

**4. "ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ" (67-سۈرە «مۇلك»، 7-ئايەت).**

بۇ ئايەتتە، دوزاخنىڭ ئادەمنى ئازابلايدىغان تولىمۇ دەھشەتلىك ھالىتى يۇقىرىقى ئوبرازلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىقى ئايەتتىكى ئوخشىتىشنىڭ ئايەت مەزمۇنىدىكى رولىنى تەھلىل قىلساق:

ئېشەك — ئىنسانلارغا يىرگىنچلىك تۇيۇلىدىغان ھايۋان. ئىنسانلار ئەڭ يىرگىنچلىك، ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان شەيئى، نەرسىلەرنى ئېشەك ۋە ئۇنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشىتىدۇ. ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى ھەممە ئادەم ياقتۇرمايدۇ. ئېشەكنىڭ سەت-يېقىمسىز ئاۋازى ھەممە ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە، دوزاخنىڭ قايناپ تۇرغان ھالىتىنىڭ ئېشەكنىڭ سەت، يىرگىنچلىك ئاۋازىغا ئوخشىتىلىشى، تولىمۇ ھېكمەت بىلەن قىلىنغان ئوخشىتىش. ئاللاتائالانىڭ بۇ ئوخشىتىشى دەل ئىنسانلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش، يەنى ياراتقان ئىگىسى ئاللانى ئۇنتۇغان ياكى تونۇمىغان، ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش كۆرمەستىن مۇشرىك-مۇناپىقلارغا خاس ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ مەھشەرگاھتىكى ئورنىدىن — دوزاخ دەھشىتىدىن بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش.

«مۇلك» سۈرىسىدە بۇ ئوخشىتىشنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، دوزاخنىڭ ئۆزلۈكسىز قالمايدىغان، توختاۋسىز ئاۋازى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا تولىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق ئوخشىتىلغان. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ دەل مۇشۇ ئايەتكە كەلگەندە، دوزاخنىڭ ئېشەك ھاڭرىغاندەك سەت ئاۋاز چىقىرىپ قايناپ تۇرۇشى كۆز ئالدىغا كېلىپ تېنى شۈركىنىدۇ ۋە ئاللاتائالانىڭ ئۆزىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىشىغا سېغىنىپ ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ. ئاللادىن مەھشەرگاھتىكى سوئال-سوراقلىرىنىڭ يېنىك بولۇشىنى تىلەپ تەسبىھلەر ئېيتىدۇ.

دېمەك، بۇ ئوخشىتىش ئايەت مەزمۇنىنى چۈشىنىشلىك، ئېنىق قىلىپ ئايەتنىڭ تەسىرچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

يۇقىرىدا بىز تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن تۆت ئوخشىتىشتىن، بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۇنىڭ ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش جەھەتلەردە ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەگەر بۇ ئوخشىتىشلار بولمىسا ئىدى، بىز ئىنسانلارنىڭ بۇ ئاددىي كاللىمىز، تەپەككۇرىمىز بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى ھازىرقىدەك ئېنىق چۈشىنىپ كېتىشىمىز ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. بىز يەنىلا «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق چۈشەنەلىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن، بىزنى قىيىن ئىشلارغا مەجبۇر قىلمىغان ئاللاغا ھەمدۇسانالار ئېيتماي تورالمايمىز.

ئاخىرىدا شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، «قۇرئان كەرىم»دە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلاردىن ئوخشىتىش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشى «قۇرئان كەرىم»دىكى ئابستراكت، كەڭ مەنىلىك ئايەتلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇش، كىشىلەر ئادەتتە ئاسانلىقچە چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان مۇرەككەپ ئايەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ئاللاتائالا كەسكىن ۋە ئاگاھلاندۇرۇش تەرىقىسىدە چۈشۈرگەن ئايەتلەرنى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىش رولىرىنى ئوينىغان.

دېمەك، ئاللاتائالانىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا چۈشۈرگەن مۇقەددەس قىبلىنامىسى، تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە بۇ كالامدا قوللىنىلغان ئوخشىتىشلار تولىمۇ جايىدا، ئەتراپلىق بولغان.

---

**(ئاپتور: گوچۈڭ ناھىيىسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

# ۋەز-تەبلىغ توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ياك زوڭدى

## 1 . ۋەز-تەبلىغ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ رولى

”ۋەز“ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى. ”ۋەز“—”يول كۆرسىتىش“، ”تەربىيە بېرىش“، ”نەسىھەت قىلىش“، ”دىن تەرغىب قىلىش“ دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: **”پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ“**(16-سۈرە «نەھل»، 125-ئايەت). **”كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان“** (11-سۈرە «ھۇد»، 120-ئايەت). ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تەرغىبات ئۇسۇلى دىنىي ئەقىدىلەرنى ئاغزاكى تىلدا تەشۋىق قىلىش ۋە كىتابىي يېزىقتا تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى كىشىلەرنى ئازغۇنلۇقتىن ئويغۇتۇپ، ئاللاغا ئىمان ئېيتىپ، ھىدايەتكە مېڭىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت.

ۋەز-تەبلىغ قىلىش—ئاغزاكى نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق دىنىي ئەقىدىلەرنى بىۋاسىتە تەرغىب قىلىدىغان ئاساسلىق ئۇسۇل. بۇنىڭدا ۋەز-تەبلىغ ئاڭلىغۇچىلارغا ئۇلار ئىلگىرى بىلىپ يەتمىگەن سىرلىق ھېكمەتلەر بىۋاسىتە بىلدۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە يول كۆرسىتىلىدۇ. كىتابىي يېزىق ئارقىلىق دىنىنى تەشۋىق قىلىش پەقەت ساۋاتلىق كىشىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ، بىر قىسىم كىشىلەر خەت تونۇمايدۇ، ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭمۇ كىتاب كۆرۈشى ناتايىن ياكى كىتاب كۆرۈشكە ۋاقتى چىقمايدۇ. مانا بۇلار يېزىق تىلىدا تەشۋىق قىلغانغا قارىغاندا ئېغىزدا ۋەز-تەبلىغ قىلىش ئارقىلىق تەشۋىق قىلىشنىڭ بىۋاسىتە، تېز، ئېنىق بولۇشتەك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىگەن. ياخشى قىلىنغان بىر قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ ھەقىقەتەن بىر قېتىم ياخشى سۆزلەنگەن نۇتۇق بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق روھىي پاكلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەز-تەبلىغ مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى، قەلب مايىللىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىسلام ھەقىقەتلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ؛ قىسقىغىنە نەچچە ئون مىنۇت ئىچىدە ئاڭلىغۇچىلارغا قۇرئان، ھەدىسلەردىن چۈشەنچە بېرىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئاڭلىغۇچى پەقەت مەسچىتكە كەلگەنلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، يەنە مەسچىتكە كەلمىگەن كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئۇلارنى چەتكە قاقماسلىقىمىز كېرەك. بىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارغا ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈشىمىز، ئۆزىمىزنى چۈشەندۈرۈشىمىز، بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىكى بىر تەرەپلىمىلىك قاراش ۋە خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىپ، تەستە قولغا كەلگەن مۇقىملىق ۋە ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتىنى ئورتاق مۇستەھكەملىشىمىز ۋە ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ھەممىدىن يامىنى شۇكى، بەزى جايلاردا ئۆز ئادەملىرىمىز ئىچىدە ”بىر مەزھەبتە بولمىغانلار“غا سوغاق مۇئامىلىدە بولىدىغان، ئۇلارنى مازاق قىلىدىغان، ھەتتا مەسچىتلەرگە كىرگۈزمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: **”مەسچىتلەر ئاللاغا خاستۇر، ئاللاغا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت**

قىلمىغىلار" (72-سۈرە «جىن»، 18-ئايەت).
ئىسلام دىنى ئەپۇچان دىن، ھەرگىزمۇ باشقىلارنى چەتكە قاقىدىغان دىن ئەمەس. ئىسلام دىنى كىشىلەرگە قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۆگىتىدىغان دىن، ئۇ تۇرمۇشنىڭ بىر خىل پرىنسىپى بولۇپ، باشقىلارغا چىرايلىق رەۋىشتە مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. نۆۋەتتە بارلىق بولمىغۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرمەي، پەقەت ئېغىزدىلا توختاپ قالىدىغان خاھىشلارغا يۈكلەش كېرەك. بىز ساپ دىنغا ئىگىمىز، ئەمما ساپ ئېتىقادقا ئىگە ئەمەسمىز، بىزدە ساختا نەرسىلەر بەك كۆپ. ۋەز-تەبلىغ دەل نۇتۇق سۆزلەش شەكلى بىلەن كىشىلەرگە تۇرمۇشنىڭ پرىنسىپلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 2 . ۋەز-تەبلىغ ئېيتقان ۋاقىتتىكى سۇبيېكت ۋە ئوبيېكت

ۋەز-تەبلىغ دېگىنىمىز نۇتۇق ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ سۇبيېكتى ۋە ئوبيېكتى بولىدۇ. نۇتۇق سۆزلىگۈچى سۇبيېكت، نۇتۇق ئاڭلىغۇچى ئوبيېكت بولىدۇ. ۋەز-تەبلىغ ۋاقتىدا، پەقەت نۇتۇق سۆزلىگۈچىلا ئوبيېكتنى ئىگەللىيەلەيدۇ. كىمگە سۆزلەشنى ئىگەللىيەلىگەندىلا ئاندىن نېمىنى سۆزلەش ۋە قانداق سۆزلەشنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. سۇبيېكت ۋە ئوبيېكت ئەمەلىيەتتە ۋەز-تەبلىغ ئېيتىش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ۋەز-تەبلىغ ئېيتىش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىقى تېما ۋە تەجرىبىنىڭ كەمچىللىكىنى تولدۇرىدۇ. دەلىل-تەمسىللەرنىڭ جانلىق بولۇشى ۋەز-تەبلىغنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. مەسچىتلەردە ئاساسلىقى ئاخۇنۇم ۋەز-تەبلىغ ئېيتىدۇ، ئاخۇنۇم ۋەز-تەبلىغنىڭ سۇبيېكتى، ئاڭلىغۇچىلار بولسا ئوبيېكتى يەنى نىشانى بولىدۇ. ۋەز-تەبلىغ سۆزلىگەندە مەزمۇنسىز بولۇپ قېلىشتىن، سۆزلەشكە تېگىشلىك نەرسە تاپالماي قېلىشتىن قورقماسلىق كېرەك، پەقەت «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپكە پۇختا بولساق، ئۆزىمىزدە سەزگۈرلۈك بولسا، سۆزلەيدىغان مەزمۇن بەكمۇ تولا. بۇ يەردىكى مەسىلە بۇلارنى قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتا. ئىسلام تارىخى ناھايىتى مۇھىم، ئۇنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەش كېرەك. بىراق، بەزى ۋاقىتلاردا ۋەز-تەبلىغ سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ سۇبيېكتى بولغان سۆزلىگۈچىنىڭ تەبلىغات مەزمۇنى ھازىرقى ئەمەلىيەتتىن تولىمۇ، ھەتتا مىڭ يىللاپ يىراقلىشىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئاڭلىغۇچىلار مۈگدەپ قالىدۇ-دە، ئۇ ۋەز-تەبلىغ ئەللەي ناخشىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئۇسۇل مەسىلىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتكە قانداق تەتبىقلاش مەسىلىسىدۇر. ئەگەر بىر مەسچىتتىكى ئاخۇنۇم ۋەز-تەبلىغنى ياخشى قىلسا، نامازغا كېلىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپىيىدۇ، بۇ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ يەنىلا دىنغا تەلپۈنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، چۈنكى ئاخۇنۇم ۋەز-تەبلىغنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ياخشى سۆزلىيەلىسە، مەسچىتكە كېلىدىغان كىشىلەر كۆپىيىدۇ، بۇنىڭغا جامائەتنىڭ ئاخۇنۇمغا بولغان غايىبانە تەلپى يۇشۇرۇنغان. بىز چوقۇم «قۇرئان كەرىم»دىن يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ..."**ئۇلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن......**" دېگەن تەلىم بويىچە دىنىي تەشۋىق قىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ بەزى ئاخۇنۇملاردەك ھاكاۋۇرلۇق بىلەن باشقىلارنىڭ زىتىغا تەگمەسلىكىمىز لازىم. ناۋادا ئاخۇنۇم بولغۇچى كىشى پەقەت نام-ئابروي قوغلىشىپ ۋەز-تەبلىغ سۆزلىسە، ئۇنداقتا چوقۇم ياخشى سۆزلىيەلمەيدۇ. ساپ دىن بولۇپ، ساپ ئېتىقاد بولمىسا، يۈزەكى، ساختا نەرسىلەر بەك كۆپىيىپ كېتىدۇ. بەزى ئاخۇنۇملار باركى، ئاپئاق ساقال مويسىپىت كىشىلەر ئۇ ئاخۇنۇمغا نەزىرنى سالغاندا، ئۇ ئاخۇنۇم ھاكاۋۇرلۇقتىنمۇ ياكى شۆھرەتپەرەسلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمايدۇ، ئۇلارنى نەزەر كۆزىگىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ.

ئاخۇنۇم ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نۇتۇقشۇناس، تەرجىمەشۇناس بولۇشى كېرەك. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوبيېكت ھېسابلانغان ۋەز ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurbooks.com

بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا. بۇنداق ئەھۋاللار ۋەز ئېيتقۇچى ئاخۇنۇملارغا، بۇنداق ئاڭلىغۇچىلار (ئوبيېكتلار) ئالدىدا قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئەلۋەتتە، مۇسۇلمان سانالغان ھەربىر كىشىمۇ ۋەز-تەبلىغ ئېيتىش ۋەزىپىسى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۆتتىشى لازىم.

## 3 . قانداق قىلغاندا ۋەز-تەبلىغنى ياخشى سۆزلىگىلى بولىدۇ

(1) **ئوبيېكتنى ئىگەللەش.** ئوبيېكتنى ئىگەللەش دېگىنىمىز كىمگە سۆزلەشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش دېمەكتۇر. ئوبيېكتنىڭ قاتلىمى ۋە ئېھتىياجىنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن نېمىنى سۆزلەش ۋە قانداق سۆزلەشنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى قانداق سۆزلەش مەسىلىسى ئۇسۇل مەسىلىسىدۇر. سۆزلەش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىقى تېمىنىڭ كەمتۈكلىكىنى تولدۇرىدۇ. ئاخۇنۇم ۋەز-تەبلىغ ئېيتقاندا سۆزلەش نىشانى ھېسابلانغان ئوبيېكتى (ئاڭلىغۇچىلار) نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار جامائىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنرەك، بىراق، ئۇلارنىڭ قەلبى دىنغا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ، دىنىي ھېسسىياتى كۈچلۈك، ئۇلار ئەمەلىي تۇرمۇش داۋامىدا، تۇرمۇش تىرىكچىلىكى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ۋەز-تەبلىغ ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆز ئېتىقادىنى كۈچەيتىشنى، ئەمەلىي مەسىلىلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تېپىۋېلىشنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشلارمۇ بار، بىراق مۇتلەق كۆپ قىسمى يېشىغا يېتىپ قالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار دۇئاغا قول كۆتەرگەن قوللىرى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سىلايدىغان كىشىلەردۇر. ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئىمان بىلەن سۇغۇرۇلۇشقا مۇھتاج، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپ ئاساسىدىكى ئاممىباب، ئەمەلىي تۇرمۇشقا يېقىنلاشقان ۋەز-تەبلىغكە مۇھتاج. ياخشى ھېسابلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ ئەمەلىيەتكە يۈزلەنگەن، نۇتۇق ئوبيېكتىغا قارىتىلغان ۋەز-تەبلىغدۇر، بۇنىڭ ئۆزى ئوبيېكتنى تەتقىق قىلىشنى، تەھلىل قىلىشنى، ئاندىن ئوبيېكت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(2) **دىنىي مەزھەپچىلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈش.** مەزھەپچىلىكنى تەكىتلەش ئەمەلىيەتتە بۆلگۈنچىلىك تېرىش بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بەزى يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى پەقەت ئۆزىمىزدىنلا كۆرۈشىمىز كېرەك، ھازىر بەزى جايلاردا ھەربىر مەسچىت ئۆز ئالدىغا بىر ”گۇرۇھ“ بولۇپ، گۇرۇھۋازلىق ئېغىر. تار مىللەتچىلىك، مەھەللىۋىي قوغدانمىچىلىق، مەزھەپ ئېڭى قاتارلىقلار دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە كېڭىيىشىگە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلماقتا. ”ئۆۋسىدا سوقۇشۇش“نىڭ قىلچە پايدىسى يوق. مەسچىتلەر ئارا ئىلمىي ئالاقىلارنى قانات يايدۇرۇپ، نەسەبچىلىك ۋە دىنىي ئىشلارنى ئورتاق مەسلىھەتلىشىش كېرەك، ئەكسىچە ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىش، تۆھمەت قىلىش ۋە بىر-بىرىنى قامال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

(3) **سۆز ئىشلىتىشتىكى بۆسۈش.** نۆۋەتتە، ۋەز ئېيتىشتىكى بىر چوڭ مەسىلە سۆزدىكى توسالغۇ مەسىلىسىدۇر. پەقەت يۇرتىنىڭ لەھجىسىدىلا سۆزلىگەندە ۋەزنى ئۆز يۇرتىدىن ھالقىتىپ پۈتۈن مىللەتكە يۈزلەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئورتاق تىلنى ئۆگىنىش، ياخشى نۇتۇق قابىلىيىتى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش كېرەك. بۇندىن باشقا يەنە تۆت يۈزلىنىشتە يەنى زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش، دۇنياغا يۈزلىنىش، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش، ئىسلامغا يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەنگەن، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، ئىسلامىيەت ئالاھىدىلىكى تولۇق بولغان ۋەز ئېيتقىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ تۆت بىرلەشتۈرۈشنى يەنى جەمئىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەكتەپلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئائىلىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەسچىتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئەمەلىيەتكە يۈزلەنگەن، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ۋەزلەرنى سۆزلىگىلى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ

نەسىھەتلىرىنى بىۋاستە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېتىقادقا ئۇنتىزار قەلبلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى ئاخۇنۇملارنىڭ ھەممىسى مۇبادا يازالايدىغان بولسا، سۆزلىيەلەيدىغان بولسا، تولىمۇ قالتىس ئىش بولغان بولاتتى.

**(4) كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش.** ياخشى ۋەز-تەبلىغ رىئاللىققا يۈزلەنگەن ۋەز-تەبلىغدۇر. رىئاللىققا يۈزلىنىدۇرۇش، رىئاللىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش، رىئاللىقتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم رىئاللىقنى ئۈزلۈكسىز كۆزىتىش ۋە رىئاللىق ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش، خۇددى ھەسەل ھەرىسى ئۆزى تېرىپ كەلگەن گۈل شىرنىلىرىدىن ھەسەل چىقارغاندەك، خام ماتېرىيال توپلاش كېرەك، كۆزىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىشتە سەزگۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئادىتىگە، مول بىلىمگە، ئابستراكت نەزەرىيىۋى تەپەككۇر سەۋىيىسىگە ۋە پەلسەپىۋى يىغىنچاقلاش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش كېرەك. ۋەزنى ياخشى سۆزلەشتە خام ماتېرىيال كەملىك قىلمايدۇ، كەم بولىدىغىنى خام ماتېرىيال توپلاشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھەم رىئاللىقنى كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە قىلىشتۇر. مەسىلەن، تەلىم-تەربىيە مەسىلىسى؛ مەسچىتكە كىرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشانغانلار ئىكەنلىكى مەسىلىسى؛ ياشلار ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قانداق قىلىشى مەسىلىسى؛ پۇل تېپىش، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش بىلەنلا ياخشى پەرزەنت سانىلىپ، دىنىي ئەقىدىلەردىن قىلچىمۇ خەۋىرى بولماسلىق مەسىلىسى؛ ئىتتىپاقلىق-مۇقىملىق مەسىلىسى؛ مۇسۇلمانلار ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى باياشات ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەسىلىسى؛ ۋەتەننى-دىنىنى سۆيۈش مەسىلىسى؛ نىكاھ مەسىلىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياخشى تېمىلاردۇر. نەزەرىيىۋى سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىزنى ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماقتا.

شارائىتى بار مەسچىتلەر كومپيۇتېر ئىشلىتىپ، ئاخۇنۇملارنىڭ كومپيۇتېر تورىنى ئېچىپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇچۇرنى كۆپەيتسە بولىدۇ.

**(5) پاسسىپلىقنى ئاكتىپلىققا ئايلاندۇرۇش.** نۆۋەتتىكى ۋەز سۆزلەش "كەلسەڭ سۆزلەيمەن، كەلمىسەڭ سۆزلىمەيمەن" دېگەندەك ناھايىتى پاسسىپ ھالەتتە بولۇپ، خۇددى ھۆكۈمەت خىزمىتى ئۆتەۋاتقانغا ئوخشايدۇ. بۇنداق قىلغاندا مەسچىتكە توختىماي كېلىپ تۇرغان كىشىلا توختىماي ئاڭلايدىغان، مەسچىتكە كەلمىگەن كىشىلەر تەربىيە ئالالمايدىغان، ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى پاسسىپلىقنى ئاكتىپلىققا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەربىر مەسچىت داۋاملىق كېلىدىغانلارنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلىش بىلەن بىرگە كەلمىگەنلەرنىمۇ تەربىيىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

**(6) ئىزباسار بولۇش.** "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" تۈپەيلىدىن، ئاخۇنۇملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى 50 ياشتىن ھالقىغان مويسىپىت "ئۆلىما"لارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن قالسا 30 ياشتىن تۆۋەن موللىلار بولۇپ، 40 ياش ئەتراپىدىكى مۇكەممەل ئىش قىلالايدىغان ئاخۇنۇملار ناھايىتى ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك. شۇڭلاشقا مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ھازىر بار بولغان ئاخۇنۇملارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ياش ئاخۇنۇملارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلىك تەيىنلەپ، ئۇلارغا مۇنبەرگە چىقىپ چېنىقىش پۇرسىتى بېرىش كېرەك.

بىر ئاخۇن بىر بايراق، ئەمما ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، مەنزىلى يىراق. خۇددى بىر شېئىردا دېيىلگەندەك:

ئۆتمۈشۈم بەھەيۋەت تاغدەك زەبەردەس،
كەلگۈسۈم جاپالىق، ئەمما مۇقەددەس.

---

(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان، تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدرىگە يېتەيلى

مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەزىز قېرىنداشلار: «قۇرئان كەرىم» بولسا ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىزنىڭ توپ دەستۇرى، شۇنداقلا ئاللانىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن ئايەتلىرىنىڭ يىغىندىسى، ئۇ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنگە دائىر بىلىملەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىيغا دائىر بىلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، دۇنيادا پۈتكۈل ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كىتاب. ئۇ ئىنسانلارنى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامانلىق قىلىشتىن توسىدۇ، ئىنسانلار ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئىنسانلار يامان كۆرىدىغان ئىشلاردىن توسىدۇ. مەسىلەن: ئىنسانلار ئۆز-ئارا ياردەم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، مېھماندارچىلىققا بېرىش، يېتىم-يېسىر، غېرىپ-غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلاش... قاتارلىق ئىشلارنى ياقتۇرىدۇ، ۋە مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، شۇنداقلا يەنە، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، ئىپپەت نومۇسنى سېتىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، قولۇم-قوشنىلارغا ئازار بېرىش... قاتارلىق ئىشلارنى يامان كۆرىدۇ ۋە مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» بىز ئىنسانلارنى توغرىلىققا باشلاشتىكى ھەقىقەت يولى ۋە ھىدايەت نۇرىدۇر. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى بىزنىڭ دىيارىمىزغا كىرگىلى مىڭ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن خەلقىمىزنىڭ ئىسلامنى چۈشىنىپ يېتىشى تېخىچە يېتەرلىك ئەمەس، بىزنىڭ ئارىمىزدا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇيدىغان، ئۇنىڭدىن شىپالىق ئىزدەيدىغان، كېسەل ساقايغاندا ئۇنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىدىغان، ھەتتا كۆزىگىمۇ ئىلمايدىغانلار خېلىلا كۆپ. بىزنىڭ ئارىمىزدا يەنە «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق چۈشەنمەيدىغان، «قۇرئان كەرىم»دىن پايدىلىنالمايدىغان، ئەمما چۈشىنىشنى خالايدىغان، «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە كۆپرەك مەلۇماتقا ئېرىشىش كويىدا بولىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، مەن تۆۋەندە مانا مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە سەۋىيەمنىڭ يېتىشىچە چۈشەنچە بەرمەكچىمەن.

## بىرىنچى، «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش

1. «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى باشتىن ئاخىر ئوقۇپ چىقىشىمىز ۋە مۇلاھىزە قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنىشىمىز، ئاندىن «قۇرئان كەرىم»نى ئۆز خاھىشىمىزغا ئەمەس بەلكى ھېسسىياتىمىزنى «قۇرئان كەرىم»گە بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك.

2. مەككە ۋە مەدىنىدە چۈشكەن ئايەتلەرنىڭ پەرقىنى بىلىشىمىز، ئۇ ئايەتلەرنى بىر-بىرىگە زىت قىلىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى مەككە جاھىلىيەت دەۋرى، مەدىنە ئىسلامىيەت دەۋرى بولغاچقا ئۇ ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن پەرق بار.

3. ئىمام، خاتىپ، ئۆلىمالىرىمىز «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلغاندا، ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى، قاچان، قانداق شارائىتتا، قانداق مەسىلىگە قارىتا نازىل بولغانلىقىنى شۇنداقلا بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىچكى مەنىسىنى ئېنىق تەپسىر قىلىپ بېرىشى كېرەك. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىرلا نۆۋەتتە نازىل بولغان ئەمەس، بەلكى 23 يىل ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇچ كەلگەن تۈرلۈك شارائىت، تۈرلۈك مەسىلىلەرگە قارىتا پارچە-پارچە نازىل بولغان.

4. «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە كۆپرەك مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى ئىشەنچلىك تەپسىر كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشىمىز ۋە ئۇ كىتابلاردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. كەلسە كەلمەس چالا-چۇلتا كىتابلارنى ئوقۇپ، ئىدىيىمىزنى زەھەرلەشكە قەتئىي بولمايدۇ. كىتاب تاللاشتا ئەقىلگە مۇۋاپىق كىتابلارنى تاللىشىمىز لازىم.

5. چۈشەنمىگەن يېرىمىزنى ئۆزىمىزدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىملاردىن سورىشىمىز، يۈزۈم چۈشۈپ كېتەرمىكىن دەپ قورقماسلىقىمىز كېرەك. ئاندىن بېرىلگەن جاۋابنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئايرىۋېلىشىمىز، پالانى داموللام شۇنداق دېگەن دەپ بىر سۆزگە ئېسىلىۋالماسلىقىمىز لازىم.

**ئىككىنچى، «قۇرئان كەرىم»دىن پايدىلىنىش**

«قۇرئان كەرىم» پايدىلىنىش قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بىر كىتاب. ئۇنىڭدىن دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئەللىرى ۋە غەيرىي ئىسلام مەملىكەتلىرى ئورتاق پايدىلىنىپ كەلمەكتە. يەنە كېلىپ «قۇرئان كەرىم» نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ قانۇن تۈزۈشتىكى تۈپ دەستۇرىغا ۋە ياكى قانۇن تۈزۈشتە پايدىلىنىش ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ كەلدى. ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم قانۇن ماددىلىرىمۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى شەرىئەت ئىلمى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇ بارغانسېرى خەلقئارانىڭ ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشمەكتە. دېمەك، «قۇرئان كەرىم»دىن دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر يەنى ئىسلامغا يات بولغان مىللەتلەرمۇ پايدىلىنىۋاتىدۇ، ئەمما بىز مۇسۇلمان— «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىگىلىرى تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ كېتەلمىدۇق. ئاللاتائالا: "قۇرئان— ھىدايەت ۋە نۇر" دېگەن. شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم»دىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.

1. «قۇرئان كەرىم»دىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇشىمىز ۋە زېھنى قۇۋۋىتىمىزنى ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەشتۈرۈشىمىز كېرەك، چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكانغا ماس كېلىدىغان كىتاب بولغاچقا، ئۇنىڭدا پادىشاھلىق تۈزۈمىگىمۇ، ھازىرقى زامان تۈزۈمىگىمۇ ماس كېلىدىغان ھۆكۈملەر بار. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىڭ قانداق جەمئىيەتتە تەۋە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە توغرا كەلگەن قىسمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز لازىم، يەنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسلى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

2. «قۇرئان كەرىم» توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشماسلىقىمىز يەنى رەببىمىز بىر، دىنىمىز بىر، پەيغەمبىرىمىز بىر، قۇرئانىمىز بىر، مىللىتىمىز بىر تۇرۇپ ئىختىلاپ قىلىشماسلىقىمىز كېرەك، چۈنكى ئىختىلاپ دىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، مىللەتنى يوقىتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

3. سورالغان سوئالغا توغرا جاۋاب بېرىشىمىز، «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقماسلىقىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "**كىمكى سۆز قىلماقچى بولسا ياخشى سۆز قىلسۇن، بولمىسا جىم ئولتۇرسۇن**" دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەدېسە پىتنە تارقىتىپ، دىنىمىزنى پۇچەكلەشتۈرمەكچى، مىللىتىمىزنى پارچىلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى دۇنيادا رەسۋا بولۇش، خارلىنىش، ئەل-ۋەتەنىنىڭ نەپرىتى ۋە لەنىتىگە ئۇچراشتىن ئىبارەت بولسا، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى بولىدۇ.

4. ئاتا-ئانا بولغۇچىلار پەرزەنتلىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشىمىز، ئۇلارغا ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقىنى ئۆلچەم قىلىپ تەربىيە قىلىشىمىز، ئۇلارنى «قۇرئان كەرىم» بويىچە ئىش قىلالايدىغان، «قۇرئان كەرىم»دىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغان مۇسۇلمان قىز-ئوغۇللاردىن قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك، چۈنكى بىزدە "ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەيدۇ" دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار، ھازىر بىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىللەتنىڭ بىرى قىز-ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىگە سەل قاراشتۇر، شۇڭا بىز بارلىق پەرزەنتلىرىمىزنى ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزۈڭىزگە مەسلىھەت

## ئەتىگەنلىك ناشتىدا كۆكتات يەپ بەرگەن ياخشى

ياشانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ناشتىدا قويماق، نان، تۇخۇم، سۈت قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇنداق يېمەكلىكلەردە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ئاقسىل ۋە ياغ ماددىسىدىن باشقا گۈڭگۈرت، فوسفور ئېلېمېنتلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇلار ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق بولغان ئىشقارلىق ماددىلارنى ئازايتىۋېتىدۇ.

ناشتىدا ئازراق كۆكتات ئىستېمال قىلىپ بېرىلسە، كىسلاتا بىلەن ئىشقارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. چۈنكى كۆكتاتتا مول كوروتىن ۋە سۇدا ئېرىيدىغان كۆپ خىل ۋىتامىنلاردىن باشقا كالتسىي، كالىي، ماگنىي قاتارلىق ئىشقارلىق ماددىلارمۇ بار. يېمەكلىكلەر مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىنمىسا، ئادەم بەدىنىدىكى كىسلاتا بىلەن ئىشقارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدۇ. كىسلاتالىق يېمەكلىكلەر بەك كۆپ ئىستېمال قىلىنسا، قاننىڭ كىسلاتالىق تەركىبى ئاسانلا ئېشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قاننىڭ رەڭگى قېنىقلىشىپ، يېپىشقاقلىقى ئاشىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كالتسىي يېتىشمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نەتىجىدە ياشانغانلار ئوڭايلا باش ئاغرىش، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىش، قىزىل قان تومۇرى قېتىش، ئاشقازان يارىسى، قەۋزىيەتكە ئوخشاش كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئازدۇر-كۆپتۇر يېشىل كۆكتات يەپ بەرگەن ياخشى.

(ماتېرىيالدىن)

## ياشانغانلار دورىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىشى كېرەك

ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا چېكىنىش بولىدۇ، شۇڭا ياشانغانلار دورا ئىچىشتە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. دورىنى خالىغان ۋاقىتتا ئىچمەسلىك كېرەك. كېسەللىك سەۋەبى ئېنىقلانماي تۇرۇپ، خالىغانچە دورا ئىچكەندە كۆتۈلمىگەن ئەكس تەسىر كۆرۈلۈپ، كېسەلنى ۋاقتىدا داۋالاشنى كېچىكتۈرىدۇ.

2. بىر قېتىمدا ئىشلىتىدىغان دورىنىڭ خىللىرى كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. ياشانغانلاردا كۆپىنچە بىر قانچە خىل كېسەللىك بولىدۇ. شۇڭا ياشانغانلار كېسەلنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى، جىددىي ياكى ئاستا خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ دورىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشى كېرەك.

3. بەدىنى ئاجىزلاپ كەتكەن ياشانغانلار مەلۇم ۋاقىت قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئىچىشى لازىم. بىراق بۇنداق دورىلارنىمۇ خالىغانچە ئىچىش ھەر خىل كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. دورىغا خۇمار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. بىر قىسىم ياشانغانلار ئىشتىيى ياخشى بولمىسا تاماق ھەزىم قىلدۇرىدىغان دورىنى، قەۋزىيەت بولۇپ قالسا سۈرگە دورىسىنى، ئۇيقۇسى ياخشى بولمىسا ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچىۋالىدۇ. بۇنداق دورىلارنى ئۇزاق ۋاقىت ئىچسە خۇمار بولۇپ قالىدۇ. ئەمما بۇ دورىلار ئادەمنى ئاسانلا زەھەرلەپ قويىدۇ، شۇڭا ياشانغانلار دورىلارنى خالىغانچە ئىشلەتمەستىن، ئالدى بىلەن دوختۇرغا كۆرۈنۈپ، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك.

(ماتېرىيالدىن)

## پىيازنىڭ دورىلىق ئىشلىتىلىشى

ئۇيقۇ كەلمىگەندە، ئۇششاق ئېزىلگەن پىيازنى ياستۇقتا قويۇپ قويسا ياخشى ئۇخلىتىدۇ.

دىماغ ئېتىلىپ قالغاندا، پىياز پارچىسىنى بۇرۇننىڭ ئالدىدا بېسىپ ئەزگەندە دىماغ ئېچىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئادەتتىكى دورىلاردىن تېز بولىدۇ.

زۇكام بولغاندا، پىيازنى سوقۇپ، شورپىغا سېلىپ پىشۇرغاندىن كېيىن شورپا بىلەن ئىچىپ بەرسە تەرلەپ ئىسسىقنى ياندۇرغىلى بولىدۇ.

(ماتېرىيالدىن)

## قەھۋە ئۆتكە تاش چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ

ئامېرىكا تەتقىقات خادىملىرىنىڭ يېقىندا بايقىشىچە، قەھۋە ئۆتتە تاش پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىكەن. بىر تۈرلۈك ھايۋانات تەجرىبىسى داۋامىدا بايقىلىشىچە، ئوخشاش خىلدىكى ئۆتتە ئوخشاي تاش پەيدا قىلىدىغان يېمەكلىكلەر بىلەن بېقىلغان ئىككى گۇرۇپپا چاشقان ئىچىدە، ئادەتتىكى سۇ بېرىلگەن گۇرۇپپىدىكى سەككىز چاشقاننىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆتىدە تاش شەكىللەنگەن. بىراق قەھۋە قوشۇلغان سۇ بېرىلگەن يەنە بىر گۇرۇپپىدىكى چاشقانلارنىڭ بىرسىدىمۇ تاش شەكىللەنمىگەن. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، قەھۋە تەركىبىدە پارچىلىغۇچى ئېلېمېنتلار بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، قەھۋە ئىچىپ بېرىش ئادەمگە نىسبەتەن ئۆتتە تاش پەيدا بولۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشتا پايدىسى زور ئىكەن. ئۇندىن باشقا يەنە، چاي كىسلاتاسىمۇ ئوخشاشلا ئۆتتە تاش پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدىكەن.

(ماتېرىيالدىن)

## مېۋە شۆپۈكى ئارقىلىق كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ

1. ئالما شۆپۈكى: يېڭى ئالما شۆپۈكىدىن 30–50 گرام تەييارلاپ، قايناتىپ ياكى چاي دەملەپ ئىچسە، كۆڭۈل ئاينىش ۋە بەلغەم كۆپ كېلىشلەرگە شىپا بولىدۇ.

2. نەشپۈت شۆپۈكى: يېڭى نەشپۈت شۆپۈكىدىن 50 گرام قايناتىپ ئىچسە، يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ. ئۆپكىنى سىلىقلاشتۇرۇپ، يۆتەلنى توختىتىدۇ. جىنسىي ئىقتىدارنى كۈچەيتىدۇ.

3. ئاپېلسىن شۆپۈكى: قۇرۇتۇلغان ئاپېلسىن شۆپۈكىدىن 6 گرام ياكى ھۆل شۆپۈكىدىن 18 گرام تەييارلاپ، ئۇنىڭغا 10 گرام چۈچۈكبويا يىلتىزى قوشۇپ قايناتىپ ئىچسە قەۋزىيەت ۋە يۆتەلگە شىپا بولىدۇ. قوزغالغىنىغا 1-2 كۈن بولغان جىددىي خاراكتېرلىك ئەمچەك بېزى ياللۇغىغا ئاپېلسىن شۆپۈكىدىن 30 گرام، چۈچۈكبويا يىلتىزىدىن 6 گرام تەييارلاپ قوشۇپ قايناتىپ كۈنىگە 1-2 قېتىم ئىچسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

(ماتېرىيالدىن)

## ئالىملار ئەڭ ياخشى سەككىز خىل يېمەكلىكنى تونۇشتۇردى

ئالىملار تۆۋەندىكى يېمەكلىكلەردىن ئاز دېگەندە ئىككى خىلنى ھەر كۈنى ئىستېمال قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**چېچەكسەي:** چېچەكسەينىڭ تەركىبىدە راكقا قارشى فېرمېنت بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى فېرمېنت مىقدارى باشقا فېرمېنتلىق يېمەكلىكلەردىن كۆپ.

**بۆلجۈرگەن:** بۆلجۈرگەن شىرنىلىك ھەم تەملىك بولۇپ، تېرىنى ياخشىلاپ، ئىچى سۈرۈشنى يېنىكلىتىپ، جىگەر ۋە سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرىگە شىپا قىلىدۇ، چىش مىلىكنى مۇستەھكەملەيدۇ، ئېغىزنى تازىلاپ گالنى سىلىقلايدۇ.

**سويا پۇرچاق:** ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنى ئويلايدىغان كىشىلەر سويا پۇرچاقنى كۆپ ئىستېمال قىلىشى كېرەك، سويا پۇرچاق ئۆسۈملۈك ئاقسىل تەركىبى ئەڭ يۇقىرى يېمەكلىكلەرنىڭ بىرى، ئۇ ئايالالرنىڭ ساغلاملىقىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**قېتىق:** قېتىق ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئۈچەي يوللىرىنىڭ يۇقۇملىنىشىنى توسۇپ، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. سۈتكە سېلىشتۇرغاندا، قېتىقنىڭ ماي تەركىبى تۆۋەن، كالتسىي ماددىسى تۆۋەن بولۇپ، تەركىبىدە يەنە ۋىتامىن B2، فىزىل فوسفور، كالىي قاتارلىقلار بار، بۇ ئېلېمېنتلار بەدەنگە پايدىلىق.

**يۇمغاقسۈت (ئاشكۆكى):** يۇمغاقسۈتنى كۆپ ئىستېمال قىلىش پايدىلىق. چۈنكى يۇمغاقسۈتنىڭ تەركىبىدە تۆمۈر، كالتسىي، سىنىك، كالىي، ۋىتامىن A ۋە ۋىتامىن C قاتارلىق ئېلېمېنتلار بار، ئۇ سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، قان شېكىرى تەركىپىنى ساقلاشقا پايدىلىق. ئۇ يەنە راكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**تاتلىق ياڭيۇ:** تاتلىق ياڭيۇ تەركىبىدىكى تالا، كالىي، تۆمۈر ۋە ۋىتامىن B6 قاتارلىقلار ماغدۇرسىزلىنىشنىڭ ۋە ئارتېرىيە قېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپلا قالماستىن، ئۆسمە ۋە راك كېسەللىنى ئۈنۈملۈك توسىدۇ.

**تۇنۇس بېلىقى:** تۇنۇس بېلىقى تەركىبىدىكى ئالفات كىسلاتاسى قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، سەكتە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشنى توختىتىدۇ، ھۆل تەمرەتكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېرىنىڭ قۇرغاقلىششىنى تۈگىتىدۇ.

**باش پىياز ۋە سامساق:** باش پىياز ۋە سامساق خولېسترىننى ۋە يۇقىرى قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈرەك كېسەللىكىنىڭ قوزغىلىش نىسبىتىنى ئازايتىدۇ. تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، ھەر كۈنى يېرىم باش پىياز ئىستېمال قىلىدىغان كىشىلەردە ئاشقازان راكىنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا 50% تۆۋەن بولىدىكەن، دائىم سامساق ئىستېمال قىلىدىغان كىشىلەردە بوغماق ئۈچەي راكىنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا 50% تۆۋەن بولىدىكەن. (ماتېرىيالدىن)

## كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ قۇياش نۇرىغا مۇھتاج

قۇياش

نۇرى ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە ئىنتايىن پايدىلىق، شۇنداقلا يەنە نەرسىلەرگە قارىتا مىكروب ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە. ئائىلىدىكى نۇرغۇن كۈندۈلۈك بۇيۇملار قۇياش نۇرىدا تەبىئىي دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ.

1. **لۆڭگە:** لۆڭگىلەر كۆپىنچە ئۆي ئىچىگە ياكى تازىلىق ئۆيىگە قويۇپ قويۇلىدۇ. ھاۋا يېتەرلىك ئۆتۈشمىگەنلىكتىن، ئۇلاردا ئاسانلا مىكروب پەيدا بولىدۇ ھەمدە بەزى تېرە كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا لۆڭگىنى پاكىز يۇيۇپ، قۇياش نۇرىغا سېلىش ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

2. **سۇرتكۈچ:** مەيلى ئادەتتىكى سۇرتكۈچ ياكى ئاشخانا ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇرتكۈچ بولسۇن، ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىلىش، نەم يەرگە قويۇلۇش جەريانىدا ئۇنىڭغا كۆپ مىقداردىكى مىكروب ۋە پارازىت قۇرتلار توپلىنىۋالىدۇ، قايتا ئىشلىتىلگەندە سۇرتۇلگەن جاي مىكروبلىنىپ، تېخىمۇ مەينەت بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا سۇرتكۈچنى پات-پات ئاپتاپقا سېلىش ئارقىلىق مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش، شارائىت يار بەرسە سۇرتكۈچنى دائىم ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك.

3. **داس (جاۋۇر):** يۈز يۇيۇش دېسىنى بەزىلەر ئايرىم ئىشلىتىدۇ، يەنە بەزىلەر ئورتاق ئىشلىتىدۇ. ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدە كىرلار يىغىلىپ ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق مىكروب پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، داس (جاۋۇر) لار پاكىز يۇيۇلۇپ ئاپتاپقا سېلىنىشى، شۇ ئارقىلىق سالامەتلىككە كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك.

4. **كۆكتات سېۋىتى:** بۇ، ئادەتتە كىشىلەر تەرىپىدىن سەل قارىلىدىغان تازىلىق نۇقتىسى. ئائىلىدە كۆندە سېتىۋېلىنىدىغان كۆكتاتلار ئۆيگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن كۆكتات سېۋىتىگە سېلىنىدۇ. مۇشۇنداق ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىش ئارقىلىق دائىم نۇرغۇن كۆكتات يوپۇرماقلىرى ۋە مەينەت نەرسىلەر يېپىشىپ مىكروب پەيدا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا كۆكتات سېۋىتىنى دائىم پاكىز يۇيۇپ، قۇياش نۇرىدا دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

5. **ساپما كەش:** بولۇپمۇ مېھمانلار ئورتاق ئىشلىتىدىغان ساپما كەشتە مىكروب ئاسان پەيدا بولىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ۋە باشقا مېھمانلار بۇ ئاياغنى كەيگەندىن كېيىن، پۇت كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ساپما كەشنى پاكىز يۇيۇپ، قۇياش نۇرىغا سېلىش ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

(ماتېرىيالدىن)


2000-يىل دېكابىر 1-سان

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: ئەنۋەر مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەندە ۋە ئۇلار ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى بويىچە ئىش قىلغاندىلا، «قۇرئان كەرىم» بىزدە ھەقىقىي كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، بىزدىكى «قۇرئان كەرىم»

«قۇرئان كەرىم» مىللىتىمىز ئارىسىدا كەڭ تارالغان، ئىزدىسە ھەر ئۆيدىن دېگۈدەك تېپىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ قەلبىمىزدىكى ئورنى بەك يۇقىرى بولغانلىقىدىنمۇ ۋە ياكى نادانلىقىمىز تۈپەيلىدىنمۇ، بىز ئۇنى ئېگىز تەكچىلەردە، مەخپىي ئىشكاپلاردا ساقلاۋاتىمىز ياكى ئۇنىڭغا ھەرقانداق بالا-قازادىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇش، قەبرىستانلىقتا يېتىۋېلىپ ئوقۇش، قىز-ئوغۇللارنى بىر-بىرىگە ئامراق-ئۆچ كۆرسىتىدىغان تومار قىلىۋېلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئۇنى ھېچقانداق پايدىلىنىش قىممىتى يوق، پەقەت خۇراپىي سەپسەتىلەرنى تارقىتىدىغان بىر كىتابقا ئايلاندۇرۇپ قويىۋاتىمىز، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى جان بېقىش قورالىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، كەمبەغەل-ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش ئارقىلىق، كەمبەغەل-ئاجىزلار ئۈچۈن نەپرەت، باي، يۇزى چوڭلار ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ قويىۋاتىدۇ. بۇ قىلمىشلىرىمىزدىن ئاغرىنغانلارنى بولسا، ھەرخىل يوللار بىلەن چەتكە قېقىۋاتىمىز. ئەزىز قېرىنداشلار، بۇ ئىللەتنىڭ بىزدەك مىڭ يىللىق ئىسلام تارىخىغا ئىگە بولغان بىر مىللەتتە كۆرۈلۈشى ۋە بۇ ئىللەتنىڭ 21-ئەسىرگە بىز بىلەن بىللە كىرىشى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق. ئاخىرىدا مەن بارلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلامغا لايىق مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنگەن ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدە ئۆلچەم قىلىدىغان ئىسلامىي قېرىنداشلىرىمدىن بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك مۇراجىئەت قىلىمەن:

1. ئۆزىمىزنى بىلەيلى، يەنى ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى، كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىمىزنى بىلەيلى، چۈنكى ئۆزىنى تونۇمىغان ئادەم پەرۋەردىگارىنى تونۇيالمايدۇ.

2. دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى تولۇق ئۆگىنەيلى، چۈنكى دىن بىلەن پەن ھەرگىز زىت ئەمەس، ئىسلام دىنى ئىلىم-پەننى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەيدىغان دىن. دىننى دەپ پەننى، پەننى دەپ دىننى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە تەڭ كۆڭۈل بۆلمىگەن ئادەم ياخشىلاردىن بولالمايدۇ.

3. ئارىمىزدىكى بىدئەت ئەمەللەرنى تەلتۆكۈس سۈپۈرۈپ تاشلايلى، چۈنكى بىدئەت زالالەتتۇر.

4. قارىغۇلارچە ئەگىشىشنى توختىتىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ئاسرايلى، چۈنكى مەدەنىيەت مىللەتنىڭ جېنى.

5. ۋەتەن ئۈچۈن كۈچ چىقىرايلى، مىللەتنى يۈكسەلدۈرەيلى، چۈنكى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن تىرىشقانلار مەڭگۈ ياشايدۇ.

6. تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە يۈزلىنىش قىلايلى ۋە شۇ ئارقىلىق "ئىسلام دىنى پەن تەرەققىياتىنىڭ دۈشمىنى" دېگەن رەزىل قالپاقنى ئۈستىمىزدىن ئېلىپ تاشلايلى، چۈنكى ئىسلام دىنى پەنگە قارشى ئەمەس بەلكى پەننىڭ ئورنى «قۇرئان كەرىم»دە.

7. ئىتتىپاقسىزلىق ئامىللىرىنى يوقىتىپ، مىللىي ۋە دىنىي بىرلىكنى ساقلاپ قالايلى، چۈنكى ئىتتىپاقلىق ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ.

8. ئارىمىزدا ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىلىم-پەنگە يۈزلىنىش قىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرەيلى، چۈنكى ئالىم مىللەتنىڭ ۋەكىلى.

9. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرايلى، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرايلى، گۈزەللىكنى سۆيەيلى، يېڭىلىققا ئىنتىلىشچان بولايلى، چۈنكى جاھىللىق نادانلىقتۇر.

10. «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنەيلى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنايلى، چۈنكى «قۇرئان كەرىم» "ھىدايەت ۋە نۇر".

ئاللاتائالا ھەممىمىزگە ھىدايەت قىلسۇن. ئامىن!

---

(ئاپتور: خوتەن ناھىيىسىدىن، تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنى ئىلىم-پەننى تەشەببۇس قىلىپ، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرىدىغان دىن

ما يەنبىڭ

پۈتۈن دۇنيا خەلقى تولۇپ-تاشقان ئۈمىد-ئىشەنچ بىلەن 21-ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقاندا، بىر خىل ئىجتىمائىي ھاۋا خەلقئارا جەمئىيەتتە يامراپ، 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قانلىق تۈس ئالغان بىر قاتار بىدئەت تەشكىلاتلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، چېكىدىن ئاشقان، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان، ئەسەبىيلەشكەن، قەبىھلەشكەن ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، دۇنيا خەلقىنى چۆچۈتىدىغان بىر قاتار رەزىل ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىپ، سانسىزلىغان ئائىلە ۋە شەخسلەرگە تراگېدىيىلىك ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە ئېغىر زىيان سالدى. ھۆكۈمىتىمىز خەلقنىڭ مەنپەئەتى، دۆلەتنىڭ خاتىرجەملىكى، قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئوخشاش تەدبىرلەر بىلەن بىدئەت تەشكىلاتلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى. ساھىبجامالىق نىقابىنى ئارتىۋالغان ئالۋاستى يەنىلا ئالۋاستى سىياقىدا قېلىۋەردى، ھەرگىزمۇ ساھىبجامالغا ئايلىنالمىدى.

ئىسلام دىنى بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرىلا خۇراپاتلىقنىڭ تارقىلىشىغا، بىدئەتچىلىك تەلىماتى ۋە مەبۇدلارغا چوقۇنۇش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق قارشى تۇرغان ۋە بۇنداق ھەرىكەتلەرنى قاتتىق مەنئىي قىلغانىدى.

ئىسلام دىنى بىلىم ئاساسىغا قۇرۇلغان، شۇنداقلا نادانلىق، قالاقلىق، خۇراپاتلىققا قارشى جەڭ ئېلان قىلىدىغان دىن. مۇسۇلمانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىكى ۋە يۈكسىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى.

قۇدرەتلىك ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە: **”ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار“** (5-سۈرە «مائىدە»، 90-ئايەت) دېگەن.

7-ئەسىردىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كۆچمەن چارۋىچى مىللەت سانالغان بەدەۋىلەر ئىچىدە مەبۇدلارغا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇلار بۇتلاردىن يامغۇر تىلەيتتى، بۇتلارنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ دۈشمەنلىرىنى يېڭىشنى ئويلايتتى، بۇتلارغا ئاتاپ ماللارنى ئۆلتۈرۈپ نەزىر-چىراغ قىلاتتى، ئۆيلىرىگە مەبۇدلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنى توشقۇزىۋېتەتتى، ھەربىي يۈرۈش، ئۇرۇشلاردا مەبۇدلىرىدىن پاناھلىق تىلەپ پال ئوقلىرى بىلەن پال سالاتتى، يىراقلارغا سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال بۇتلارنى سىلاپ ئۇنىڭدىن ئاق يوللۇق تىلەيتتى، قايتىپ كېلىشكەندىن كېيىن بولسا بۇتلارغا باش ئۇرۇپ چوقۇناتتى. ئۇلار قەدىمكىلەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئاتا-بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان بولۇپ، جەمئىيەتتە ھەر تۈرلۈك خۇراپاتلىقلار يامراپ، بىدئەت تۈسىنى ئالغان ئىشلار تولۇپ كەتكەنىدى.

ھالبۇكى ئىسلام دىنى روناق تېپىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەدەنىيلىك مەشئىلىنى ياندۇرۇپ، نادانلىق زۇلمىتىنى يوقىتىپ، ئىلىم-پەننىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان چاغدا، نادانلىقنىڭ يامان ئۆرپ-ئادەتلىرى، مەبۇدلارغا چوقۇنۇش، خۇراپاتلىق، بىدئەتچىلىك كۆزقاراشلىرى بىلەن چىرمالغان ئەرەب مىللىتى چۈشكۈنلىشىشتىن ئالغا بېسىشقا، بۆلۈنۈشتىن ئىتتىپاقلىشىشقا، بەدەۋىلىكتىن مەدەنىيلىككە يۈزلىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى ۋە روھىيىتىنىڭ پاكلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مەدەنىيلىك، ئەقىل-پاراسەت، ئىلىم-پەننى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

مانا بۇلار ئۇلۇغ كەرەملىك ئاللانىڭ ھىدايەت قىلىشى، ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ قۇدرىتىدۇر.

www.uyghurkitap.com

«قۇرئان كەرىم» ھەم ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلايدىغان نۇرلۇق ماياك، ھەم ئىلىم-پەننىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. «قۇرئان كەرىم» دىكى ئىلىم-پەن بىلىملىرىدە، فىزىكا، ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى، گېئولوگىيە، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق قاتارلىق تەرەپلەرگە ئائىت بايانلاردا كائىناتنىڭ سىرلىرى كۆپ قېتىم، تەكرار-تەكرار ئېچىپ بېرىلگەن. «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى نۇرغۇنلىغان ساھە ۋە تەرەپلەردىكى ئىلىم-پەن ھەرىكىتىنى قوزغىدى. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا خۇراپاتلىققا بولغان كۈچلۈك رەددىيىدۇر.

بۈگۈن بىز ئالىي پەن-تېخنىكا دەۋرىدە، يەنى سان-سىفىرلىق مۇساپىلىق باشقۇرۇش، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت، سۈنئىي ھەمرا، ئالەم كېمىسى دەۋرىدە ياشىماقتىمىز. ئىنسانلار بۇ خىل، ئالىي يېڭى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق ئۇزۇن مۇساپىلەرنى قىسقارتماقتا، ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن بەھۇزۇر خەۋەردار بولماقتا، ئۆزلىرىدىن تۈمەن مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى چەت ئەل ۋە ياقا يۇرتلاردىكى دوست-بۇرادەر، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن سۆزلەشمەكتە. بۇ يېڭى پەن-تېخنىكلار ھەتتا كىشلەرنى ئالەم بوشلۇقىغا يۈرۈش قىلىش، ئاي شارىغا چىقىپ ئىزدىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

قۇدرەتلىك ئاللاتائالا: "...ئەگەر سىلەر ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر❶ " (55-سۈرە «رەھمان»، 33-ئايەت) دېگەندى. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىنسانلارغا ئالەم بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، ئايغا چىقىپ ئىزدەنگىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇلارنىڭ چوقۇم بىر ۋاستە ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، بۇ خىل ۋاستە دەل زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىمى، ئالەمگە ئۇچۇش تېخنىكىسىدۇر. كىممۇ بۇ ئۇلۇغ ئىلمىي ھېكمەتتىن ھالقىتالىغۇدەك بولماي تۇرالىسۇن؟ كىممۇ ئاللانىڭ بۇ كارامەت قۇدرىتىگە ئىشەنمەي تۇرالىسۇن؟

«قۇرئان كەرىم»دە "پاراسەت ئىگىلىرى"، "ئاڭلىق كىشىلەر"، "ئەقىل ئىگىلىرى" دېگەن كەلىمىلەر كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنغان، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىل-پاراسەتكە ھۆرمەت قىلىپ، ئىلىم-پەننى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىزگە ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى، شۇنداقلا ئاسمان جىسىملىرى، يەر شارى، دەريا-دېڭىز، چاقماق-چېقىن، كېچە-كۈندۈز قاتارلىق بارلىق تەبىئىي ھادىسىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىشقا ئۈگىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ: "ئەقىل-پاراسەت مۇسۇلمانلارنىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان تۆگىسىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ تېپىش كېرەك" دېگەندى. بىلىم—ئېتىقادنىڭ بۇلىقى، بىلىم—ئىسلام دىنىنىڭ جېنى، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىلىم-پەنگە تەلپۈنۈش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپىسىگە ئايلانغان.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ" (39-سۈرە «زۇمەر»، 9-ئايەت). ھەقىقەتەن بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزلىك ئوخشاش بولمايدۇ. بىلىم-ئىماننى مۇستەھكەملەشنىڭ، توغرا كىشىلىك قاراش ۋە دۇنيا قاراش تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى؛ بىلىم-زۇلمەتنى تۈگىتىپ، خۇراپاتلىقنى يوقىتىپ، ئىنسانلارغا مەدەنىيلىك ئاتا قىلىدىغان شوتا.

مۇسۇلمانلار بىلىمگە تەلپۈنۈش ھەم مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى بىر تۈرلۈك تۈپ مەجبۇرىيىتى دەپ قارايدۇ. كەڭ مۇسۇلمانلار جامائەسى «قۇرئان كەرىم»نى تەھسىل قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، ئوپتىكا، خىمىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ مەسچىتى مەيدانغا كەلگەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا تەلىم-تەربىيە بىلەن ئۈزۈلمەس رىشتە ئورناتقان. باغداتتىكى «دارىل ھېكمەت» ئەرەب مۇسۇلمانلىرى بەرپا قىلغان ھەم ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى تۇنجى ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى بولۇپ، ئۇ گېرتسىيىنىڭ كىلاسسىك ئىلمىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش جەھەتتە تارىخىي ئەھمىيەتلىك تۆھپىلەرنى يارىتىپلا قالماي، بەلكى ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىدە كامالەتكە يەتكەن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان ئالىملارنى

❶مۇھەممەد ماجيەن تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

يېتىشتۈرۈپ چىققان.

ئىسلام ماڭارىپىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي تېپىشى پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. «قۇرئان كەرىم»دە تەبىئەتنى كۆزىتىش، تەبىئەتنى تەتقىق قىلىش، ھېكمەت ۋە ئەقىل-پاراسەت يولىدا ئىزدىنىش ھەققىدە تەكرار-تەكرار چاقىرىق قىلىنغان. مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم» روھىنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى نەتىجىسىدە ناھايىتى زور قىزغىنلىق ۋە ئىشتىياق بىلەن تەبىئىي پەنلەرنى تەتقىق قىلىش پائالىيىتىگە ئاتلىنىپ، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى ۋە دۇنيا ئىلىم-پەن مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئەبۇ ئەلى ھۈسەيىن ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى سىنا (980—1037)نىڭ نادىر ئەسىرى— «ئەلقانۇن» ئەينى دەۋر مېدىتسىنا ساھەسىدىكى ئەڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، بۇ ئەسەر نەچچە يۈز يىلغىچە باشتىن ئاخىر ياۋروپادىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مېدىتسىنا ئىلمىي دەرسلىكى بولۇپ كەلگەن.

ياقۇت ھەمەۋى (1179—1229) مەشھۇر جۇغراپىيىشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ «يەر ناملىرى قامۇسى» جۇغراپىيە ساھەسىدىكى ئېنسىكلوپېدىيە دەپ ئاتالغان.

مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارازمى (780—850) يەر شارى-قۇياشنىڭ ئايلىنىپ ھەرىكەتلىنىش تەلىماتى دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ تەلىماتى كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتىدىن بىرنەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئىبنى ھەيسەم (965—1038) ئۆزىنىڭ «ئوپتىكا دەستۇرى» دېگەن ئەسىرى بىلەن داڭلىق بولۇپ، بۇ ئوپتىكا نەزەرىيىسى ۋە ئوپتىكا ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

ئەينى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار دەل «قۇرئان كەرىم»نىڭ يېتەكلىشى ۋە چاقىرىقى ئاستىدا، ئىلىم-پەننى قىزغىن سۆيۈپ، ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلىگەن، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقىپ، نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك كۆزنى چاقنىتىپ، مول ئىختىرالارنى قىلغان. دەل «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەدىتى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئىسلام مەدەنىيىتى ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغانلىقى ئۈچۈن، غەرپ جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، غەربلىكلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ زۇلمىتىدىن قۇتۇلۇپ، گۈللىنىشكە، روناق تېپىشقا يۈزلىنىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەن مەدەنىيىتى ۋە ماددىي مەدەنىيلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە قەدىمكى ئەسىرلەردە تەڭدىشى يوق بولۇپ، ئالەمگە پارلاق نۇر چاچقاندى، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر مەدەنىيەت ئۇنىڭ بىلەن ھۆسن تالىشالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىسلام دىنى ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنى ئەڭ بۇرۇن تەشەببۇس قىلغان دىن دەپ ئېيتالايمىز.

ئىلىم پەننى تەشەببۇس قىلغاندا، خۇراپاتلىقنى يوقىتىش كېرەك. ھەر قانداق خۇراپاتلىق بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. خۇراپاتلىق ئىلىم-پەن ھەقىقەتلىرىنى بۇرمىلاپ، ساختا ئىلىم-پەننى ئۆزىگە نىقاب قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى ئازدۇرىدۇ ۋە ئالدايدۇ، خۇراپاتلىق كىشىلەرنى توغرا ئېتىقادتىن مەھرۇم قىلىپ، توغرا نىشاندىن چەتنىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە قالايمىقانچىلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئەڭ ئاخىر ئازغۇنلۇققا كىرگۈزىدۇ. خۇراپاتلىق ئىلىم-پەنگە قارشى تۇرىدۇ، جەمئىيەتكە قارشى تۇرىدۇ، مەدەنىيلىككە قارشى تۇرىدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەردىن بىۋاستە ئاللاغا ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئاللادىن باشقا ھېچقانداق ئىنسان، ھېچقانداق مەخلۇققا چوقۇنۇشقا يول قويمايدۇ، تونۇش مەسىلىسىدە، كىشىلەردىن ئاللا كۆرسەتكەن يولنى بويلاپ مۇلاھىزە ۋە تاللاش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، قارىغۇلارچە ئىش تۇتۇشقا، خۇراپاتلىق ۋە ئەسەبىيلىك يولىنى تۇتۇشقا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئىسلام دىنى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئەزەلدىن چەتكە قاقمايدۇ ياكى پەس كۆرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئىلىم-پەن تەتقىقاتى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ئېرىشكەن بىلىملەر ئارقىلىق دۇنيانى تىزگىنلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىسى

www.uyghurkitap.com

(ۋاكالىتەن ئىدارە قىلغۇچىلىرى) بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاللاغا بولغان ئېتىقادىنى تەقۋادارلىق ئاساسىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش رۇكنىغا بولغان تەقۋادارلىقىدىن ئاكتىپلىق بىلەن پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە كېڭەيتتى. شۇڭا بىز ئىسلام دىنىنى ئىلمي، ئەقىل-ئىدراكلىق، ئۇلۇغۋار پاراسەتلىك دىن، ھەرگىزمۇ خۇراپىي، بېكىنمە، كىشىلەرنى نادانلىققا باشلايدىغان دىن ئەمەس دەيمىز.

ھالبۇكى ئەقىل-ئىدراك تەرەققىي تاپقان، ئىلىم-پەن روناق تاپقان بۈگۈنكى كۈندە يەنە نېمە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان خۇراپاتلىق، بىدئەت تەلىماتلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ؟ توغرا ئېتىقاد كەم بولۇش، ئىلىم-پەن بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولماسلىق دەل نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ مەنبەئەسىدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئالەمدىكى جىمى مەۋجۇداتنى ئاللا ياراتقان، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكىتى ئاللا بەلگىلىگەن قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىدۇ، مۇسۇلمانلار ئاللاغا بولغان ئېتىقادىنى قاتتىق ساقلىشى ھەمدە ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشى لازىم. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مېھنەتلىك ئەمگىكى ئارقىلىق ئېرىشكەن ماددىي تۇرمۇشىدىن تولۇق بەھرىلىنىش جەريانىدا ئاللانىڭ رەھمىتىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئاللاغا شۈكۈر قىلىدۇ. مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلمي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە دۇنيا قارىشىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىلمي ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق دىني ئەقىدىلەرنى چۈشەندۈرۈش، ئالەمنى بىلىپ يېتىش ھەققىدە سەممىي نەسىھەت قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەلەپچان ئالىم ئىدى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئاللانىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدە چۈشۈرگەن ھەقىقەتلىرىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئەرەب دۇنياسىنىڭ زۇلمەتلىكى ۋە قالاقلىقىنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە پەقەت ئىسلام دىنىنىڭلا ئەينى دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقىنى پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق سادىقلىق بىلەن ئىلمي ھالدا ئىسپاتلىغان. شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئىچىدىن تەبىئىي پەنلەر سىستېمىسىنى خۇلاسىلاپ چىققان.

خۇراپاتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامراپ كېتىشى جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش تەرتىپى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە ناھايىتى زور ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ خىل خۇراپاتلىقلار كونا جەمئىيەتتە ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ھالبۇكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن بۈگۈنكى كۈندە، بىر قىسىم رايونلاردا خۇراپىي پائالىيەتلەر قايتىدىن ئەۋج ئالماقتا. رەڭگارەڭ خۇراپىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ ئازدۇرىدىغان بىھۇش قىلغۇچىدۇر. ئۆي سېلىش ۋە قەبرە قاتۇرۇشتا يەر يەكلەش ئەپەندىلىرىنى ئىزدەش؛ قىيىنچىلىق ياكى بەختسىزلىككە يولۇققاندا چىراي شەكلىگە قاراپ ۋە پال ئۇستىخانلىرى بىلەن ياخشىلىق-يامانلىققا، بەختلىك-بەختسىزلىككە پال سالىدىغان پالچىلارنى ئىزدەش؛ ئېغىر كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغاندا پېرىخۇن خوتۇنلارنى، سېھرىگەر كىشىلەرنى ئىزدەپ ئۇلاردىن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ كېسەلدىن ساقايتىشنى تىلەش قاتارلىق مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار خۇراپاتلىق قىلمىشلىرى نورمال ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە روھىي دۇنياسىدا قالاق، چىرىك تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا، بۇنداق قىلمىشلار سوتسىيالىستىك مەنىۋي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ تەلپىگە زادى ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق خۇراپىي پائالىيەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش ۋە بۇ خىل پائالىيەتلەرنى قەتئىي مەنئىي قىلىش ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ھەققانىي ئىشتۇر.

"فالۇن گۇڭ" بىدئەتچىلىكىنىڭ كاتتىبېشى لى خۇڭجى "چىنلىق، ساخاۋەت، سەۋرچانلىق" بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىلىم-پەن ئاتالغۇلىرىنى ئوغرىلاپ، ئىلىم-پەن ھەقىقەتلىرىنى بۇرمىلاپ، ساختا ئىلىمنى ئۆزىگە بېزەك قىلىپ، پىنتە-پاسات، بىدئەت تەلىماتلىرى بىلەن ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، قورقىتىپ، ئالداپ، كۆپلەپ پۇل-مال ئۇندۇرۇۋالدى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىپ ئاممىۋى تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇردى؛ جەمئىيەت

ئامانلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە خەۋپ يەتكۈزدى؛ تەپتارتماستىن ئىلىم-پەنگە قارا چاپلاپ ئىلىم-پەننىڭ ئابرويىنى تۆكتى، ئىلىم-پەنگە قارشى چىقتى. شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئىلىم پەن تونىغا ئورۇنىۋالغان بىدئەتچىلىك بولسا جەمئىيەتكە، ئىلىم-پەنگە، ئىنسانىيەتكە قارشى، پىتنە-پاسات بىلەن تولغان ساختا تەلىماتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق دىنىي بېزەكلەر بىلەن نىقابلىنىۋالغان بىدئەتچىلىك تەشكىلاتلىرى ھەرگىز دىن ئەمەس، بەلكى پەقەت جەمئىيەتنىڭ ئەخلىتىدىنىلا ئىبارەت.

ئىلىم-پەن كىشىنى ئەقىل-پاراسەتكە تولدۇرىدۇ، خۇراپاتلىق كىشىگە نادانلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ئازغان مەنزىلدىن چوقۇم يېنىش كېرەك. خۇراپاتلىق ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ئۈچۈن توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بولۇشى كېرەك، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئىگىلەش كېرەك.

كەلگۈسى 21-ئەسىر ئارزۇ-ئۈمىد ۋە خىرىسقا تولغان، رىقابەت بىلەن پۇرسەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان يېڭى ئەسىردۇر، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يۈكسىلىشى مۇقەررەركى "پەن-مائارىپ بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش" ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. "دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى ياكى ئاجىزلىششى مائارىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك". مانا بۇ ھەرقانداق بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي تېپىشى، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، خەلق ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىقلارنىڭ تۈپ نېگىزى بولۇپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر. ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن، ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە مۇشەررەپ بولۇش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ!

(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان؛ تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىددىن ھاجى)

## ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسى 10000 شياڭگاڭ پۇلى (10611 يۈەن خەلق پۇلىغا باراۋەر)
شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ھاۋالە فوندى باش ئويۇشمىسى 2000 شياڭگاڭ پۇلى (2122 يۈەن خەلق پۇلىغا باراۋەر)

**ئونسۇ ناھىيىسىدىن:**

1. ئابلىز ئايۇپ ھاجى 50 يۈەن؛
2. ئىمەر ئوسمان ھاجى 50 يۈەن؛
3. ئابدۇمىجىت مۆمىن 50 يۈەن؛
4. گايىت نۇردۇن 30 يۈەن؛
5. مەممەتنۇر مەتنىياز 30 يۈەن؛
6. مۇھەممەت ئايۇپ 30 يۈەن؛
7. ياسىن ھادىل 30 يۈەن؛
8. ئابلىمىت مۇھەممەد 20 يۈەن؛
9. نۇردۇن ھەمىر 20 يۈەن؛
10. ئىمەر باقى 20 يۈەن؛
11. ھادىل سىدىق 20 يۈەن؛
12. قەلبىنۇر 10 يۈەن؛

(ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: دايىم داۋۇت)

**ئاتۇش شەھىرى نۇرلۇق يولىدىن:**

1. توختى مەزىن 50 يۈەن؛
2. مويدۇنجان 30 يۈەن؛
3. نىزامىدىن ھاجى 30 يۈەن؛
4. ئۆمەر ھاجى 20 يۈەن؛
5. مەمەت ئىمىن 20 يۈەن؛
6. تۇرغۇن ھاجى 20 يۈەن؛
7. مەمەت تۇرسۇن 20 يۈەن؛
8. ئىسا قارى 10 يۈەن؛
9. رەھمانقۇل 10 يۈەن؛
10. ئابلىمىت ھەلىم 10 يۈەن؛
11. ئابلىكىم ھاجى 10 يۈەن؛
12. ئابدۇراخمان 10 يۈەن؛
13. ئابلىمىت قارى 10 يۈەن؛
14. قۇناخۇن 10 يۈەن؛
15. مۆمىنجان 10 يۈەن؛
16. ھاجىم 10 يۈەن؛
17. مەمەت ئىمىن 10 يۈەن؛
18. تايى ھوشۇر 5 يۈەن؛

(ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: توختى مەزىن)

1. قەشقەر شەھىرىدىن: خالىدە ھاجە 100 يۈەن؛
2. يەكەن ناھىيىسىدىن: ئابدۇغىنى ھېكىم 10 يۈەن؛
3. كېرىيە ناھىيىسىدىن: ئابدۇغېنى مەتتوختى 4 يۈەن.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ھۆسەنجان تۇرسۇن

# تاپقان-تەرگىنىمىزنى توزۇتمايلى

(تەنتەكلەرگە تەۋسىيە)

تارىخ تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسىدىن تالايلىغان تىرىشچانلىرىمىز تىنىم تاپماي تىرىشىپ، تېرىقچىلىقتىن تاشقىرى ترانسپورت، تىككۈچىلىك، تېۋىپلىق، تېرىچىلىك تىجارىتىنىمۇ تاكاممۇللاشتۇرۇپ، تامچە-تامچە تەر تۆكۈپ تۇرمۇشنى تەدرىجىي تەرەققىي تاپقۇزدى، تۇرمۇش تەمىناتىنى تولۇقلىغاندىن تاشقىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ تاپاۋەت توپلىدى. تەھقىقكى، تۇرمۇشى تەرەققىي تاپقانلار تاپقانلىرىنى تۇرمۇشتا تايىنىسىزلارغا، تۇل-تەنھالارغا، تەلىم-تەربىيە، تەتقىقات تەرەققىياتىغا، تەنتەربىيە تۈرلىرىگە تەقدىملىسە تەلەي تاپىدۇ، تۇرمۇشتا تەڭداشسىزلىشىدۇ؛ تەشكىلنى، تۆۋەنلىگەن تونۇش-تۇغقانلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ، تەسىرلىك تەرەپلىرى تەشكىل تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ، تەشۋىقات تۈرلىرىدە تەشۋىقلىنىپ، تەشۋىقاتنى تىڭشىغانلار تەرىپىدىنمۇ توختىماي تەرىپلىنىدۇ. تەسىرلىك تەشۋىقاتلار تارقىلىپ تۇرسىمۇ تەسىرلەنمەيدىغان تالاي تەنتەكلەر توغرا تەرىقىدە تاپاۋەت تاپسىمۇ تاپاۋەتنى توغرا تەرەپكە تەقدىملىمەيدۇ، تەگدىن تولا تىجارەتچىلەر تاپاۋەتنى توغرا تەقسىملەپ، تىجارىتىنى تەرەققىي تاپقۇزالمىغانلىقتىن تاپاۋىتى تايىنسىز؛ تېخى تۆنۈگۈنلا تۆت تەڭگە تاپقانلار تاپقان-تەرگىنىنى تېتىقسىز تۇرمۇشقا، تۇترۇقسىز تاماشالارغا، تاپاۋەت تۇسىدىكى توي-تۆكۈنلەرگە توزۇتماقتا، تاپقىنىنى تۈتۈنگە تېگىشكەنلەر تېخىمۇ تالاپەتلىك تەقدىرگە تايىن تاپماقتا. تارىخ تەستىقلايدۇكى، تۇرمۇشتا توغرىلىقتىن تېيىپ، تاپاۋەتنى تۆكتىن تولا تەتۈرلۈكلەرگە توزۇتۇشقا تەمشەلگەنلەرنىڭ تەقدىرىمۇ تېزلا تەتۈرلىشىدۇ، تاپاۋەتنى تېجىمىگەنلەر، تاپقىنىنى توغرا تەقسىملىمىگەنلەر تەبئىي تەرەققىيات تەرىپىدىن تاشلىنىدۇ، تەدرىجىي تەرەققىياتقا تايىن تاپالمايدۇ، تەۋەيىمىزدە تەنبىھكە تېگىشلىك تىجارەتچىلەر، تەنقىدلەشكە تېگىشلىك تەتۈرلۈكلەر تولا. تۈرلۈك تىرىشچانلىقلارغا تايىنىپ تۆمەنلەپ تاپاۋەت توپلىغانلاردىن تاشقىرى تېپىنلاپ تەڭگە تاپقانلارمۇ تەمەننا تەلۋىلىكى تۈپەيلىدىن تاپقىنىنى توزۇتۇپ تەتۈر تەسىر تارقىتىۋاتىدۇ، تاپاۋىتىنىڭ تەمىنى توغرا تېتىيالمىغانلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى تەكەببۇرلۇق، تاماخورلۇقلا تۈگىتىۋەتتى، تەسىرى تۈگىمىگەن تەتۈرلۈكلەر تۈپەيلىدىن تالايلارنىڭ تەقدىرى تەلەيسىزلىشىۋاتىدۇ. تەۋەيىمىزنىڭ تەرەققىياتى تېخى تۆۋەن، تۇرمۇش تەمىناتى تەكشىسىز، توخۇ تۇخۇمىدا تويغىچە تائاملىنالمايدىغانلارمۇ تولا، تېرىقچىلىقى، تىجارىتى تايىنسىز، تەمىناتى تولۇقسىز تالاي تونۇش-تۇغقانلىرىمىز، تەڭتۇشلىرىمىز تۆت تەڭگىگە تەلمۈرۈپ، تۆگۈلۈپ تۇرۇپتۇ. تۆت تەڭگە تېپىپلا تېرە تاراقشىتىدىغان تەنتەكلەر تەۋەيىمىزدىن تۈگىمىگىچە تەڭرىمۇ تەقدىرىمىزنى تەرەققىياتقا توغرىلىمايدۇ. تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تەڭ تېتىشقا، تەرەققىياتقا تەلپۈنىدىكەنمىز، تاپقان-تەرگىنىمىزنى تەنتەكلەرچە، تەلۋىلەرچە توزۇتمايلى!

# ياخشىلىققا يۈزلىنىپ ياشايلى

(يېشى يېڭىلىنىۋاتقانلارغا)

يىللار يۆتكىلىپ يىراقلاپ يەنە يېڭى يىللار يېقىنلىشىپ يېشىمىزنى يەڭگۈشلىمەكتە. ياشاش ياخشى-يامانلىقتىن يىراقلىشالمايدۇ. ياشاشنىڭ يوللىرى يېقىنلىشىپ ياكى يىرىكلىشىپ ياشاشتىن، يوسۇنلۇق ياكى يوسۇنسىز ياشاشتىن، يۈزلۈك ياكى يۈزسىز ياشاشتىن، يۇۋاش ياكى ياۋۇز ياشاشتىن، يېقىملىق ياكى يىرگىنىشلىك ياشاشتىن، يۈرەكلىك ياكى يۈرەكسىز ياشاشتىن، يەكلەپ-يەكلىنىپ ياشاشتىن، يىغلاپ-يىغلىتىپ ياشاشتىن،… يىغىنچاقلىغاندا ياخشى-يامان ياشاشتىن يىراقلاشمايدۇ. يۈكسەكلىكنى يېتىلدۈرگەن يۈرەك ياخشى ياشاشنىڭ يادروسى، يۈرەك يامانلىقتىن ياللۇغلانسا يارىشىملىق ياشاشتىن يىراقلىشىمىز. ياخشى يولغا يۈزلىنىپ ياشايدىغان يارەنلەر يامان يولدىن يانىدۇ، ياخشىلىققا يانداشىدۇ، يۈزىمۇ يىلدىن يىلغا يورۇپ يارەنلىرىنىڭ، يۇرتداشلىرىنىڭ يادىدا يىراق يىللارغىچە يادلىنىدۇ. يامانلىققا يۈزلەنگەن يارامسىزلار يامان يولدا يەلتاپاندەك يۈرىدۇ، ياخشىلىقتىن يىراقلىشىدۇ، يۇرتداشلىرىدىن ياتلىشىدۇ، يارەنلىرىنىڭ يۈرىكىنى يارىلاندۇرىدۇ. يېشى يەڭگۈشلىنىۋاتقان يارەنلەر! يىللار يېنىمىزدا يۈرگەندە يىللارغا يېقىنلىشىپ ياخشى ياشايلى، ياشلار ياشلىقىدا يارامىلىق ياشاپ، يىللارنى ياخشى يولغا يۈزلەندۈرۈپ يۈزلۈك ياشىغان ياشانغانلارنى ياشاش يوللىرىنى يورۇتۇشقا ياردەملەشتۈرسە ياخشى، ياشلار يېڭىلىق يارىتىپ يۇرتىغا، يارەنلىرىگە يارىمىسا، ياشانغاندا — يىللاردىن يىراقلاشقاندا يۆتكەن يىللارنى يالۋۇرۇپمۇ ياندۇرالمايدۇ. ياخشىسى يەنىلا يامانلىقتىن يىراقلىشىپ يوللۇق، يۈرەكلىك، يارامىلىق، يارىشىملىق ياشايلى!

(تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەد)

# ئاتاقلىق رەسسام ۋە خەتتات غازى ئەھمەد



غازى ئەھمەد تىلغا ئېلىنسا، كىشىلىرىمىز ئۇنىڭ مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس بەلكى خەلقئارادىمۇ نۇرغۇن ئەللەرگە تونۇشلۇق ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

غازى ئەھمەد 1954-يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن، 1957-يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)نىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچىلىققا قېلىپ، ئېغىر ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەسساملىق ۋە گۈزەل سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ 1960-يىلدىن باشلاپ ئىجاد قىلغان «غېرىب-سەنەم»، «جىنايى ھۆكۈم»، «مەھمۇد قەشقىرى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «مۇقام»، «تەڭرىتاغ كۆيى» ...قاتارلىق كۆپلىگەن گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق كۆرگەزمىلەرگە قاتناشقان ۋە تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق نوپۇزلۇق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا. غازى ئەھمەد ماي بوياق رەسىم، جۇڭگوچە رەسساملەرنى سىزىشتا ئالاھىدە ماھارەتلىك بولۇپلا قالماستىن، تام بېزەكلىرى ئىجادىيىتى، بېزەك-زىننەت نۇسخىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىمارچىلىق سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1992-يىلى ئۇ بېيجىڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىنى بېزەشنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى بولغان ھەمدە «تيانشانغا مەدھىيە» دېگەن چوڭ ھەجىملىك تام زىلچىسىنى لايىھىلىگەن ۋە ئۇنى توقۇپ چىقىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان؛ 1997-يىلى شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا تەقدىم قىلغان «تيانشاندا شادلىق» دېگەن چوڭ ھەجىملىك تام زىلچىسىنى لايىھىلىگەن ۋە توقۇپ چىقىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ «غازى ئەھمەد رەسىملىرى توپلىمى» قاتارلىق بىر قانچە توپلىمى نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ سابىق شەرقىي گېرمانىيە، بۇلغارىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى، فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ، كۆزىتىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغان ھەمدە 1994 -يىلى پارىژ، ئەنقەرە، ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلەردە شەخسىي رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچقان. ئۇ تا 1997-يىلغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى، فاكۇلتېت مۇدىرى، ئىنستىتۇت مۇدىرى، شىنجاڭ رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، شۇنچە ئېغىر مەمۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقان ۋاقىتتىمۇ ئۆزىنىڭ رەسساملىق كەسپىنى تاشلىمىغان ۋە شۇ مەزگىلدىمۇ داڭلىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان.

ئەلۋەتتە، رەسساملىق ئۇنىڭ تالانتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرەبچە ۋە ئۇيغۇرچە خەتتاتلىق ئۇنىڭ يەنە مۇھىم بىر تالانتى.

1935-يىلى قەشقەردە چوڭ مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان غازى ئەھمەد 1946-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا، تا 1950-يىلغىچە دىنىي مەكتەپتە قارىيلىقتا ئوقۇپ، ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب يېزىقىنى ئوبدان ئۆگەنگەن. يەتتە ييشىدىن باشلاپلا، ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم ۋە دادىسىنىڭ كاتىپى باھاۋۇدۇن قارىملاردىن خەتتاتلىق تەربىيىسى ئالغان ۋە تىرىشىپ خەتتاتلىق مەشقى قىلىپ خېلىلا ئۇستا خەتتاتلاردىن بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي مەكتەپتە قارىلىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپ ئۇقۇلغانلىقتىن يىرتىلىپ كەتكەن بەتلىرىنى تولۇقلاپ ئەسلىي نۇسخىسىغا ئوخشىتىپ يېزىپ ۋە زىننەتلەپ چىقىش ئىشلىرىنى ناھايىتى مەمنۇنىيەتلىك ئورۇنلىغان. ئۇنىڭ كېيىن شۇغۇللانغان ئاساسىي كەسپى گەرچە رەسساملىق بولسىمۇ، ئەمما يەتتە ييشىدىن تارتىپ ئۆگەنگەن ۋە ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان خەتتاتلىقنى 60 يىلدىن بېرى زادى تاشلاپ قويماي، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغان؛ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە خەتتاتلىق دەرسى ئۆتكەن، خەتتاتلىق ھەققىدە لېكسىيىلەر سۆزلىگەن ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ جامەسىنى ۋە ئۈرۈمچى «خانتەڭرى جامەسى»نىڭ بېزەك-زىننەت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ جامەلەرگە نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى تۈرلۈك ئەرەبچە ھۆسنخەت ئۇسلۇبى بويىچە يېزىپ بەرگەن. 1998-يىلى ئىراندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكلىپى بىلەن تېھرانغا بېرىپ، خەتتاتلىق كۆرگەزمىسى ئاچقان، شۇ يىلى يەنە سىنگاپورغا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆزى بارالماي 27 پارچە ئەسىرىنى ئەۋەتىپ خەلقئارالىق كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرغان. غازى ئەھمەدنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن نۇرغۇن چەت ئەللىك مېھمانلار ئۇنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ، ساقلاش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىشكەن. تالانتلىق خەتتات غازى ئەھمەد ئەرەب خەتتاتلىقىنى پۇختا ئىگىلەپ ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ يېزىپلا قالماستىن، ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئەسلىي نۇسخىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭى ئىپادىۋىي نۇسخىلىرىنى ياراتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل نۇسخىلاردىكى ھۆسنخەتلىرى خەلقئارادىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى

www.uyghurkitap.com

خەتتاتلار ئارىسىدا ئالاھىدە مەدھىيىلەشكە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ كىشىنى يەنىمۇ زوقلاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئەرەب خەتتاتلىقىنى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىغا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى توغرىسىدا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ باردى ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى يازدى ھەم نۇرغۇن ئۇيغۇرچە ھۆسنىخەتلەرنى يېزىپ ئالاھىدە نەتىجىگە ۋە ھۆرمەت-شەرەپكە سازاۋەر بولدى.

غازى ئەھمەد ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، شىنجاڭ مەدەنىيەت-تارىخ سارىيىنىڭ پەخرىي مۇدىرى، شىنجاڭ خەتتاتلىق-رەسساملىق تەتقىقات يۇرتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ماي بوياق رەسساملىقى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە. ئۇ 1988-يىلىلا دۆلەت دەرىجىلىك ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەنىدى.

بىز ھەقىقەتەن تالانتلىق بۇ ئۇيغۇر رەسسامى ۋە خەتتاتى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

ئاللا تائالا مۆھتەرەم غازى ئەھمەدكە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي—ئامىن!

(مەھمۇدى)

# ھۆسنىخەت ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

غازى ئەھمەد

دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى ھۆسنىخەت سەنئىتى بار. ھۆسنىخەت سەنئىتى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى سۈپىتىدە ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە. ھۆسنىخەت ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتە كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، ئەخلاق-پەزىلەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە خىزمەت قىلسا، شەكىل جەھەتتە ئۆزىگە خاس بەدىئىي قۇرۇلمىسى ئارقىلىق كىشىلەرگە ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ.

كلاسسىكلارنىڭ شېئىرىدا مۇنداق بىر كۇپلېت ئۇچرايدۇ:

ھۆسنىخەت شۇنچە چىرايلىق نازىنىن دىلداردىن،<br>
ئايغا ئوخشاش يورۇتادۇر كېچىنى ئەنۋاردىن.<br>
گۈل ئېچىلغانى بىلەن ئۇ يەتكۈسى ۋاقتى خازان،<br>
بۇ گۈلىستان ھەمىشە ئۆزگەرمەگەي گۈلزاردىن.

مۇزىكا، ئۇسسۇل، دراما، سېرىكلارغا ئوخشاش سەنئەت تۈرلىرى دەل ئورۇنلىنىۋاتقان چاغدىلا ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئالىمىز. ھۆسنىخەت، گۈزەل-سەنئەت ئەسەرلىرىنى بولسا، ھەر قېتىم كۆرگىنىمىزدە بىر ھوزۇر ئالىمىز. دېمەك، يۇقىرىدىكى شېئىردا ئىزھار قىلىنغىنىدەك، ھۆسنىخەت ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ھەمىشە ساقلايدۇ.

دۇنيا خەتتاتلىق سەنئىتى ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرەبچە يېزىقتىكى ھۆسنىخەت سەنئىتى مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. ئەرەبچە ھۆسنىخەت ئەسەرلىرى «قۇرئان كەرىم» ئىچىدىكى ئايەتلەر، ھەدىس ۋە باشقا ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تاللاپ يېزىلىدۇ. ئۇ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تۈرىنىڭ كۆپلىكى، شەكلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرنى تولىمۇ ھاياجانغا سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ھۆسنىخەتتىن ئىبارەت بۇ سەنئەتنى ياخشى كۆرۈپ، قەدىرلەپ ئۇنى ئۆيلىرىگە ئاسىدۇ، مەسچىت-مەدرىس قاتارلىق كاتتا قۇرۇلۇشلارنىڭ پەشتاق-مۇنارىلىرى، تام-تۈۋرۈكلىرىنى بىناكارلىق نەقىشلىرى بىلەن ھۆسنىخەتنى بىرلەشتۈرۈپ زىننەتلەيدۇ.

نەشرىياتچىلىق تېخى تەرەققىي تاپمىغان دەۋرلەردە «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس ۋە باشقا مەشھۇر ئەدەبىي كىتابلار خەتتاتلارنىڭ قەلىمى بىلەن قولىيازما سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقاتتى. خەتتاتلار بۇ جەھەتتە ھەددى-ھېسابسىز زور ئەمگەك سىڭدۈرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلق ئارىسىدا ناھايىتى زور ئىززەت-ئابروي، ھۆرمەتكە ئىگە بولغانىدى. «رتبة العلم اعلى الرتب» (ئىلىمنىڭ مەرتىۋىسى—ئەڭ ئالىي مەرتىۋە) كىشىلەر ئارىسىدا ئالىملارنىڭ مەرتىۋىسى، پادىشاھلارنىڭ مەرتىۋىسىدىن ھامان ئۈستۈن بولۇپ كەلدى. «عليكم حسن الخط فانه من مفاتيح الرزق» (ھۆسنىخەت بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار، چۈنكى ئۇ، رىزقنىڭ ئاچقۇچىدىندۇر.) خەلق مەشھۇر خەتتاتلارغا ئەزەلدىن تېگىشلىك رىزق-نېسىۋىسىنى بېرىپ كەلدى.

نۇقۇل ھالدا يېزىش ماھارىتىنى ئىگىلەش بىلەنلا خەتتات بولغىلى بولمايدۇ. يېزىش ماھارىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىلىم سەۋىيىسىنى يۇكسەك پەللىگە كۆتەرگەن كىشىلا ھەقىقىي خەتتات ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە جۇڭگوچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان، ئەرەبچە خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان خەتتاتلىرىمىز بار. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلقئارالىق سورۇنلاردا كۆرگەزمە مۇسابىقىلارغا قاتناشقان ھەمدە مۇكاپات ئېلىپ، ۋەتىنىمىزگە شەرەپ كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ قوشۇنىمىز يەنىلا ناھايىتى ئاز. ئىزباسارلارنى كۆپلەپ تەربىيىلەشكە، بۇ قوشۇنىمىزنى تېخىمۇ زورايتىشقا توغرا كېلىدۇ. مەزمۇنى ساغلام، شەكلى كۆپ خىل ۋە ھەرخىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىنى كىشىلەر ياقتۇرىدۇ. بۇنداق ھۆسنىخەت ئەسەرلىرى خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا چوقۇم تېگىشلىك ئورۇن ئالالايدۇ.

# غازى ئەھمەدنىڭ ئەرەبچە ھۆسنخەتلىرىدىن تاللانما



ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.



ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.
بىر ئاللادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر.



ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم



ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار.



ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.



ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم



ئاللا يولىدا



ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ تەھسىل قىلىڭلار!



پاكلىق ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر

# مەنىۋى قاتىللىقنىڭ رەھىمسىز پاجىئەسى

ھاجە ئاتىكە مىرئەھمەد

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

تۇرمۇش تولىمۇ مۇرەككەپ، خىلمۇخىل مىجەز، رەڭمۇرەڭ خاراكتېردىكى ئادەملەر مۇجەسسەملەنگەن بۇ دۇنيادا، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەك تولىمۇ تەس. ئەمما ئەنە شۇ مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك روھى دۇنيانى پەقەت ۋە پەقەت بىزلەرنى يوقتىن بار قىلغان، مېھرىبان، قۇدرەتلىك ئاللاتائالالا چۈشىنىشكە ھەممىدىن قادىر. **"ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭدۇر (يەنى ئاللانىڭ مۈلكىدۇر، ئاللانىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئاللانىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر) ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يوشۇرۇن سۆزلىسەڭ، ئاللانىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر)، چۈنكى ئۇ، سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ"** (20-سۈرە «تاھا»، 6-، 7-ئايەتلەر). ئاللاتائالا مۇسۇلمانلارغا (ئىنسانلارغا) ھىدايەتنىڭ نۇرلۇق يولىنى مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق، تەپسىلىي، كونكرېت ۋە ئىنچىكە بايان قىلىپ، نېمىنىڭ بەخت يولى، نېمىنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىك ئازاپ يولى ئىكەنلىكىنى روشەن دەلىللەر بىلەن مۇكەممەل، چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى. مەلۇمكى، بەختكە (جەننەتكە) ئېرىشمەك بىر ئۆمۈر ئاللاغا ئىمان ئېيتىپ، تەقۋادارلىق بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىش ئاساسىدا قولغا كەلسە، ئازابنىڭ (دوزاخنىڭ) يولى—بىردەملىك يامانلىقنىڭ شەيتان تەرىپىدىن ۋەسۋەسە قىلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ. قىسقىسى، مۇشۇ دۇنيانىڭ ئادەملىك ئىمتىھانىدىن ھەققىي ئۆتۈشكە تىرىشىدىغانلار، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن يۇقىرى بەدەل تۆلەشكە رازى بولغانلار شەرەپلىك مۇسۇلمانلار جامائەسىدۇر، بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقانلار شۇ قىلىقى تۈپەيلىدىن ئىككىلا دۇنيادا خار ۋە زەبۇن بولغۇچىلاردۇر. مۇسۇلمانلارنى كامىل مۆمىنلەر قاتارىدىن مەھرۇم قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان چوڭ-كىچىك گۇناھلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، ھازىر بىر قىسىم كىشىلەردە گەۋدىلىك بولۇۋاتقىنى: پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش ۋە كىشىلەرگە ناھەق بۆھتان چاپلاشتىن ئىبارەت. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى: كىشىلەر ئارىسىدا ئەمدىلا كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان، بىرقەدەر ئابرويى يۇقىرى، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلىرىمىزنى قىلچە خىجىل بولماستىن يەڭگىلتەكلىك بىلەن "ئۇ مۇنداقكەن"، "پالانچى مۇنداق بوپتۇ" دېيىشتىن باشقا، ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولمىغان ھەتتاكى ئۇنىڭ خىيالىدىمۇ يوق نەرسىنى خۇددى باردەك، يالغاننى راست قىلىپ بۆھتان چاپلاشقىچە يەتكەن قەبىھ ئىللەتلەر ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى مۇسۇلمانلىق پەزىلىتىنىڭ، ئىنسانىي سۈپىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتامدۇ!؟...

## پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش

بىرمۇنچە كىشىلەر تارقىتىۋاتقان پىتنە-ئىغۋا—غەيۋەت-شىكايەتتىن باشلىنىدۇ. بۇ غەيۋەتلەر راست بولسۇن، يالغان بولسۇن، بەزى گەپ خالتىلىرى (سۇخەنچىلەر) تەرىپىدىن تېخىمۇ "زىننەتلىنىپ" ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا قورقۇنچلۇق بىر ئىغۋا توقۇلۇپ چىقىدۇ. شۇڭا ھەق سۇبھانە ۋەتائالا «قۇرئان كەرىم»دە: **"پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يامان گۇناھدۇر"** دەيدۇ. ھەممىمىز بىلىمىزكى، قاتىللىق ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ، مۇشۇ ئېغىر گۇناھدىنمۇ يامان قاتىللىق پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشتىن ئىبارەت بولسا، غەرەزلىك ياكى غەرەزسىز، بىلىپ بىلمەي تارقىتىۋاتقان ئىغۋالىرىمىزنىڭ قەبىھ ئاقىۋىتىگە قىيامەت كۈنى ئاللا ئالدىدا، مۇشۇ دۇنيادا ۋىجدانىمىز ئالدىدا قانداق جاۋاب قىلارمىز؟ شۈبھىسىزكى، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش—مۇسۇلمانلار ۋە كىشىلەر ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە بۆلگۈنچىلىكنىڭ چاكىنا ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئىنسانلار روھىيىتىدە پاراكەندىچىلىك، گۇمان ۋە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئىناق، شاد-خۇرام تۇرمۇشنىڭ نەۋقىران يىلتىزىغا پالتا چاپىدۇ. مېھرىبانلىق ۋە شەپقەتنىڭ ئىللىق ھاۋاسىغا، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ،

ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزئارا خەير-ئېھساننىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ئاللاتائالا بەندىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: "ئى مۆمىنلەر، ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر" دېگەن (2-سۈرە «بەقەرە»، 208-ئايەت). بۇ يەردە ئاللاتائالا، پىتنە-ئىغۋانىڭ شەيتان تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى مۇنداق يارىماس ئىللەتتىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "شۈبھىسىزكى، ئاللا سۆز-چۆچەك پەيدا قىلىپ، گەپ تارقىتىشىڭلارنى، كۆپ سورىشىڭلارنى (يەنى كىشىلەردىن پۇل-مال سوراش ۋە باشقىلارنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن گەپ كوچىلاش) ۋە پۇل مېلىڭلارنى ئىسراپ قىلىشىڭلارنى يامان كۆرىدۇ" (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە: "ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغان ئادەم، بېخىل ئادەم، قۇلغا (قول ئاستىدىكىلەرگە) ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ" دېگەن (تىرمىزى رىۋايىتى). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، پىتنە ئاخىرقى ھېسابتا ئادەمنى روھىي جەھەتتىن نابۇت قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئاللا تەرىپىدىن ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىپ، پىتنە-ئىغۋا توقۇغۇچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: "مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ئاللا (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، ئى مۆمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەرگە) يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ" (24-سۈرە «نۇر»، 21-ئايەت). ئاللا يەنە تەكىتلەپ: "ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا ئېيتقىنكى، سىلەرگە مەن شەيتاننىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ھەربىر ئىغۋا توقۇغۇچى گۇناھكارغا چۈشىدۇ" (26-سۈرە «شۇئەرا»، 221-، 222-ئايەتلەر). ۋەسۋەسە قىلغۇچى شەيتاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولۇش نېمە دېگەن يامان-ھە! ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن بۈيۈك ئاللانىڭ مۇشۇ سۆزىلا كۇپايە: "يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پىتنە-پاسات تېرىماڭلار" (26-سۈرە «شۇئەرا»، 183-ئايەت).

## بۆھتان چاپلاش

گۇناھسىز كىشىلەرنى قارىلاش—ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈش بىلەن باراۋەر بولۇپ، بۇ قارىلانغۇچىلارغا ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان روھىي ئازابنى، چىدىغۇسىز ھەسرەت-نادامەتنى ئېلىپ كېلىدۇ، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز روھىي بېسىم ئۇنى ھاياتتىن بىزار بولۇشقا، كىشىلەردىن قېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. خۇددى گۇناھكاردەك باشقىلارغا تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئىتى قالمايدۇ. بۇ ھال بۆھتان قىلغۇچىنىڭ راست-يالغان گەپ قىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، قارىلانغۇچىلارغا غايەت زور قايغۇ-ئەلەم ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ توزۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، بۆھتان كۆپىنچە ھەسەت قىلىش ۋە كۆرەلمەسلىكنىڭ ئۇنۇملۇك زېمىنىدا بىخ سۈرۈشى بىلەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ھاقارەتلەنگۈچىگە بەرگەن زەربىسى ئىنتايىن رەھىمسىز ۋە قەبىھ بولىدۇ. شۇڭا ئاللاتائالا بۇ قىلمىشنى قاتتىق ئەيىبلەپ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەربىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80نى ئۇرۇڭلار. چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر). ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بۆھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئاللانىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر)" (24-سۈرە «نۇر»، 4-ئايەت). ئاللاتائالا يەنە تەكىتلەپ: "مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ" (33"-سۈرە «ئەھزاب»، 58-ئايەت). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئىنتايىن پەسكەشلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك بىلەن مەسئۇلىيەتسىزلەرچە بىر ئادەمنى قەستەن بۆھتان بىلەن قارىلاش، ئاللاتائالا مەنئى قىلغان ئېغىر گۇناھ بولۇپ، بۇنى مۇسۇلمانلار ئەخلاقىغا، مۆمىنلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە، ئابرويىغا ۋە ئىنسانىي غورۇرىغا قىلىنغان مەنىۋى تاجاۋۇزچىلىق دېيىشكە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇناھدىن ساقلىنىڭلار،— دېگەندە ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللا، ئۇلار قايسى گۇناھلار؟— دەپ سورىغان. رەسۇلۇللا: ئاللاغا شېرىك كەلتۈرمەك، سېھىرگەرلىك قىلماق، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەك، جازانىخورلۇق قىلماق، غازاتتىن قاچماق، ئېيىتىلىك، پاك مۇسۇلمان ئايالغا بۆھتان چاپلىماق دەپ جاۋاب بەرگەن» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ناھەق رەۋىشتە بىر مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش— ھەققەتەن چوڭ گۇناھدۇر» دېگەن (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). بۆھتان چاپلاش بىلەن ئەيىبلەنگۈچىلەر كۆپىنچە ئاياللاردۇر. ئاياللارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى تۇراقسىزلىقى، جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى، روھىي چىدامسىزلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بۇنداق بۆھتانلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا قىلمىغان ئىشنى «قىلدى»، بولمىغان ئىشنى «بولدى» دەپ قارىغۇلارچە تۆھمەت قىلىش ئۇلارنىڭ مىڭبىر مۇشەققەتتە تىكلىگەن ئىززەت-ھۆرمىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىش-ھە!؟ بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا قارا چاپلىشى ئۇنىڭ نىيىتىدىكى يامان غەرەزنى ئاشكارىلاپلا قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمانى كاملىلىق پەزىلىتىگە بولغان گۇمانىمىزنى قوزغاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ ھال بۆھتان قىلغۇچىنىڭ كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان مۇددىئاسىنىڭ تولىمۇ رەزىللىكىنى ئىسپاتلايدۇ— خالاس. ئاللاتائالا بۆھتان قىلغۇچىلارنىڭ بولمىغۇر قىلىقىنى چەكلەش ۋە ئۇنى خەلق ئارىسىدا نەپرەتكە قالدۇرۇش يۈزىسىدىن «قۇرئان كەرىم»دە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا بۆھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار، ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، ئاللانىڭ نەزىرىدە ئۇ چوڭ گۇناھدۇر. ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا نېمىشقا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، (ئى ئاللا، سەن پاكتۇرسەنكى) بۇ چوڭ بۆھتاندۇر دېمىدىڭلار؟! ئاللا سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار ھەرگىز قايتا مۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار. ئاللا سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە گۈزەل ئەدەب-ئەخلاقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلەرنى بايان قىلىدۇ، ئاللا (بەندىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر. (تەدبىر قوللىنىشتا ۋە شەرىئەتنى بەرپا قىلىشتا) ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (24-سۈرە «نۇر»، 15—18-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەردە بىر تەرەپتىن بۆھتان چاپلاشنىڭ ئېغىر گۇناھقا ياتىدىغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۆھتان قىلغۇچىنىڭ يالغانچىلىقىنى ئېچىپ تاشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنى رەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن. ئومۇمەن: پىتنە-ئىغۋا ۋە بۆھتان نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئېغىر گۇناھلارغا ياتىدۇ؟ بۇنى ھەربىر ئادەم ۋە مۇسۇلمان مۇلاھىزە قىلغاندا تۆۋەندىكىدەك جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ:

1) پىتنە-ئىغۋا ۋە بۆھتان— غەيۋەت شىكايەتتىن باشلىنىدۇ؛ 2) بىگۇناھ بىر ئادەمنىڭ ۋە مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ…؛ 3) كىشىلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىغا خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كېلىپ، ئىناق، ئىشەنچلىك ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ؛ 4) كىشىلىك ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىققا دەخلى يەتكۈزىدۇ؛ 5) قارىلانغۇچىنى روھىي جەھەتتىن ھالاك قىلىدۇ… . تەھلىلىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرساق، بەلكى ئۇنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە بولغان سەلبىي تەسىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

زامانىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى يېڭىلىنىۋاتقان، چۈشەنچىلىرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان پەيتتە، توغرا كەيپىياتنىڭ ئەكسىچە بولغان بۇ خىل ئەخلاقسىزلىق ئاللانىڭ غەزىپىگە، ئەلنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىماقتا. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى: ھايات مەنزىلى گەرچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ئۆمۈر بەك قىسقا، بۇ دۇنيا خۇددى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبلىرى شەرھلەپ ئۆتكەندەك «بىردەملىك چېقىن»، قونۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆتەڭگە ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق قىسقا ئۆمرىمىزدە مۇسۇلمانلىق شەرىپىمىزدىن ئىپتىخارلىنىپ، تەئدىل ئەركان بىلەن ئاللاغا تەقۋادارلىق قىلىپ، ئىنسانىي پەزىلىتىمىز ۋە گۈزەل ئەدەب-ئەخلاقىمىز بىلەن ئەۋلادلىرىمىزغا ئۈلگە تىكلىمەي ۋە بۇ جەھەتتە ئىجتىھات قىلماي، غەيۋەت-شىكايەت ۋە بۆھتان چاپلاشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە پايپاسلاپ، پاك ۋە ساغلام بولغان روھىيىتىمىزنى بۇلغاۋېرىپ نېمىمۇ تاپارمىز…!؟ ئاللاتائالا ھەممىمىزنى پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشتىن، بۆھتان چاپلاشتىن ياندۇرۇپ، ئىناق ۋە ئۆم بولغان شاد-خۇراملىق باغچىسىنى ياشناتقۇزۇشقا ئىمكان بەرگەي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى تاشكەنت ۋە بۇخارادا ئېچىلغان "خەلقئارالىق دىنلار ئارا مۇلاقەت يىغىنى"غا قاتنىشىپ كەلدى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ۋە ئۆزبېكىستان ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، 1-مەھكىمىنىڭ باشلىقى شۆەي فېڭلار بىلەن بىللە، 9-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزگەن "خەلقئارالىق دىنلار ئارا مۇلاقەت يىغىنى"غا قاتناشتى. بۇ يىغىنغا فرانسىيە، ئامېرىكا، جۇڭگو، روسىيە، ئىسپانىيە، ئىسرائىلىيە، ھىندىستان، ئىئوردانىيە، ئىران، تۈركىيە قاتارلىق 34 دۆلەتتىن كەلگەن 80دىن ئارتۇق ئالىم-ئۆلىمالار، دىنىي زاتلار ۋە بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى ئىشتىراك قىلدى.

ئۆزبېكىستانىنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ھەمدۇللا كارامەتوف، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ باش مەسئۇلى كويچىرو مەتسۇرا، ئىئوردانىيە شاھزادىسى ھەسەن ئىبنى تالال قاتارلىقلار يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى ئىسلام كەرىموف يىغىنغا تەبرىك مەكتۇبى سۇندى، ھىندونېزىيىنىڭ ئۆزبېكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى ئابدۇراخمان ۋاھىدنىڭ يىغىنغا يوللىغان مەكتۇبىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

يىغىندا "مەنىۋى جەھەتتىن يېقىنلىشىش ۋە خەلقئارا مەدەنىيەت جەھەتتە مۇلاقەتتە بولۇش"ھەمدە "ئوتتۇرا ئاسىيادا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇلاقىتى" دېگەن ئىككى چوڭ تېما ئاساسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن يىغىندا "دىنىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق دۇنيا تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى" دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى ھەمدە جۇڭگو دىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «دىنلار دۇنيا تېنچلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەكتە» دېگەن كىتاب يىغىن ئويۇشتۇرغۇچىلار ئارقىلىق يىغىن ئەھلىگە تارقىتىپ بېرىلىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

يىغىن جەريانىدا، يىغىن قاتناشچىلىرى تاشكەنتتىكى ئىسلام دىنى، پراۋوسلاۋ دىنى، كاتولىك دىنى ۋە يەھۇدى دىنىنىڭ دىنىي سورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە-زىيارەت قىلىشقا ئويۇشتۇرۇلدى.

يىغىنغا ئىسلام دىنى، خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، ھىندى دىنى، يەھۇدى دىنى، شىنتو دىنى (ياپونىيىدىكى)، شامان دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ۋە بۇ دىنلاردىكى چوڭ مەزھەبلەرنىڭ ئۆلىما-ئالىملىرى ئىشتىراك قىلدى ۋە يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى ئاساسىدا چوڭ يىغىندا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

يىغىن ئەھلى دىنلار ئارا ئىناقلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىندىن پايدىلىنىپ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا قارشى خەلقئارا بىرلىكتە كۈرەش قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى ھەمدە ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى ئىسلام كەرىموفنىڭ يىغىنغا يوللىغان مەكتۇبىدا كۆرسىتىلگەن "بەدنىيەتلەر دەل كىشىلەرنىڭ سەممىي ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ جىنايى مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئاۋارىچىلىقلارنى تۇغدۇردى، كىشىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشى ۋە گۈزەل كەلگۈسىگە ئېغىر پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ. ھەر قانداق دۆلەت، جەمئىيەت ۋە شەخس تېررورچىلار ۋە ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ دىندىن بەدنىيەتلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ." دېگەن سۆزىگە تامامەن قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. يىغىن ئاخىرىدا يىغىن نامىدىن ئۈچ چوڭ ماددىلىق يىغىن خاتىرىسى، توققۇز چوڭ ماددا 17 تارماق ماددىلىق تەشەببۇسنامە ۋە تۆت ماددىلىق خىتابنامە ماقۇللاندى.

يىغىن ئارىلىقىدا يې شاۋۋېن، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ئۆزبېكىستان دىن ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى شاھ ئەزىم مىنەۋۋەروف بىلەن كۆرۈشتى. سۆھبەت داۋامىدا

www.uyghurkitap.com

هەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە ئۆز دۆلىتىنىڭ دىن ئىشلىرى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، بولۇپمۇ، مۇئاۋىن مىنىستىر شاھ ئەزىم ئۆزبېكىستاننىڭ ئومۇمىي دىنىي ئەھۋالى، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئالدىنقى 5—6 يىل دىن ئىشلىرى خىزمىتىدە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەر، ئۇنىڭ كەلتۈرگەن يامان ئاقىۋەتلىرى، خۇلاسىلانغان ساۋاقلار، كۆرۈلگەن ئەھۋاللارنى ھەل قىلىش چارىلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە بىرقەدەر تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتى. ئىككى تەرەپ يەنە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارماقلىرى ئارىسىدا بېرىش-كېلىش ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. يېڭى شاۋۋېن، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار يەنە تاشكەنت ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇللايوف بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئابدۇللايوف تېخى ئۆتكەن يىل زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قۇرۇلغان، ھەم ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى، ھەم ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن كۆپ تىللىق باشقۇرۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ تەسىس قىلىنغان بۇ ئالىي ئىسلام بىلىم يۇرتىنىڭ ھازىرقى تەپسىلىي ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى پىلانىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

بۇ يىغىن ئاخىرلىشىپ، يېڭى شاۋۋېن قاتارلىقلار ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، شەمشىدىن ھاجى يىغىن ئۇيۇشتۇرغان باشقا پائالىيەتلەرگە قاتناشتى، ئالدى بىلەن يىغىن ئەھلى بىلەن بىرگە سەمەرقەند شەھىرىگە بېرىپ، ئىمام بۇخارى مەقبەرىسى، خوجادانىيال مەقبەرىسى، ئەمىر تۆمۈر مەقبەرىسى، رېجىستان مەدرىسىسى قاتارلىق ئاسارە-ئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلدى سەمەرقەند ۋالىيسىنىڭ زىياپىتىگە داخىل بولدى. ئاندىن بۇخارا شەھىرىگە بېرىپ، ئالدى بىلەن يىغىننىڭ ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە 18-سىنتەبىر بۇخارادا ئېچىلغان "تەسەۋۋۇپ بىلەن دىنلار مۇلاقەت يىغىنى"غا قاتناشتى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇخارا مەدرىسىسى، نەقشبەند مەقبەرىسى قاتارلىق قەدىمىي مەدرىسە، مەقبەرە ۋە ئاسارە-ئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلدى ھەم بۇخارا شەھىرى باشلىقىنىڭ زىياپىتىگە داخىل بولدى.

شەمشىدىن ھاجى يەنە يىغىن ئارىلىقىدا ۋە يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مۇفتىسى، ئۆزبېكىستان ئىسلام دىنى ئىدارىسى (ئىسلام جەمئىيىتى)نىڭ رەئىسى ئابدۇرەشىد ھاجى بەھرەموف، قازاقىستاننىڭ باش مۇفتىسى، پروفېسسور ئابدۇساتتار ھاجى دېربىس ئالى، سەمەرقەند ۋە بۇخارالارنىڭ باش ئىمام-خاتىبلىرى، شۇنداقلا ئىران، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئىسلامىيەت داھىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. بولۇپمۇ ئۆزبېكىستان دۆلەت مۇفتىسى ئابدۇرەشىد ھاجىم ئۆزبېكىستان مۇسۇلمانلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش بىلەن بىللە، شەمشىدىن ھاجىغا ئالاھىدە ئۆزبېك تونى كەيگۈزدى ۋە "تىللا شەيخ جامەسى"نى ۋە بۇ جامەدە ئالاھىدە ئەينەك رامكا ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نىڭ 7-ئەسىردىكى ئەڭ دەسلەپكى «ئوسمانى نۇسخە»سىنىڭ كىيىك تېرىسىگە يېزىلغان نۇسخىسىنى زىيارەت قىلدۇردى. شەمشىدىن ھاجى تاشكەنتتىكى مەزگىلىدە يەنە «تېمورىيە موزېيى»، «ناۋايى موزېيى» قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى ھەم "شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى" قاتارلىق ئىلمىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئىلمىي خادىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتتە بولدى. ئۆزبېكىستان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

(ھاجى مەھمۇدى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ھەج پائالىيىتىگە تەشكىللەش، تەربىيىلەش خىزمەت يىغىنىغا قاتناشتى

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھەج ۋازارىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ بىلەن خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم 9-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە مالايسىيانىڭ پايتەختى كۇئالالۇمپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ھەج پائالىيىتىگە تەشكىللەش، تەربىيىلەش خىزمەت يىغىنىغا قاتناشتى. 51 دۆلەتتىن كەلگەن 150تىن ئارتۇق كىشى بۇ يىغىنغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، ئومان، كۇۋەيت،

ئىئوردانىيە، برۇناي، بېنگال، مالدىۋى، تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە سۇدان قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەتنىڭ دىنىي ۋەزىرى، ئىسلام ۋە غەيرىي ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بار.

مالايسىيانىڭ باش مىنىستىرى ماھادىر مۇھەممەد يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ مالايسىيادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گۇەن دىڭمىڭمۇ تەكلىپكە بىنائەن مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلدى.

يىغىندا ئالدى بىلەن مالايسىيا، بېنگال، تۈركىيە، ئىئوردانىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ۋەكىللىرى نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ھەج پائالىيىتىگە تەشكىللەش، تەربىيىلەش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، ئاندىن سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى، پاكىستان دىن ئىشلىرى ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى، سۇدان جەمئىيەت پىلانى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋە ئومان سۇلتانلىقى ئىسلام ئىشلىرى ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا يۇقىرىقى نۇتۇقلارغا باھا بەردى. ئەتىسى، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر مالايسىيانىڭ مەشھۇر تارىخىي شەھىرى مالەككەگە جايلاشقان «ئۇلۇغ جامىي» مەسچىتىگە بېرىپ، مالايسىيانىڭ ھەج پائالىيىتىگە تەشكىللەش، تەربىيىلەش ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە مالەككە ئۆلكىسى رەئىسلىكىنىڭ كاتتا كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى، يىغىن ۋەكىللىرى يەنە مالايسىيا ھەج ۋازارىتىنىڭ باش شتابىنى زىيارەت قىلىپ، ھەج پائالىيىتىگە تەربىيىلەش سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەج پائالىيىتىگە تەربىيىلەش تەجرىبىسىگە دائىر تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ، 10-ئاينىڭ 2-كۈنى داغدۇغىلىق يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مالايسىيانىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى داتۇ ھاجى ئەھمەد بەدەۋى يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى ئىياد ئىبنى ئەمىن مەدەنى خۇلاسە سۆزى قىلدى ھەمدە يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئاللارغا ئايرىم-ئايرىم جاۋاب بەردى. ئاخىرىدا يىغىننىڭ باش كاتىپى دوكتۇر ئەبۇ بەكرى باقادىر يىغىن باياناتىنى ئېلان قىلدى. بۇ باياناتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ھەر قايسى دۆلەتتىكى ھاجىلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنگە بېرىشتىن بۇرۇنقى يېتەكلىنىش، تەربىيىلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ مالايسىيا، ئىران، نىگېرىيە، ئىئوردانىيە، پاكىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن تەركىپ تاپقان ھەج پائالىيىتىگە تەشكىللەش، تەربىيىلەش خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇش، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئارقىلىق رايونلۇق خىزمەت پونكىتى تەسىس قىلىش، خىزمەت پونكىتى ھەج پائالىيىتىگە يېتەكلەش، تەربىيىلەش خىزمىتىگە تەپسىلىي پىلان تۈزۈش؛ زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، ھەج پائالىيىتىگە تەربىيىلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ سۆھبەت يىغىنى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھاجىلارنى يېتەكلەش، تەربىيىلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنىڭ بىلىمى ۋە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش... قاتارلىقلار.

يىغىن مەزگىلىدە بىز ھەر قايسى دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەرگە جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى تەشۋىق قىلىندى ھەمدە بەزى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ھەج پائالىيىتىگە تەشكىللەش-تەربىيىلەش خىزمىتى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇلدى، مالايسىيا ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتى قوبۇل قىلىندى. **(ئادىل ھاجى كېرەم)**

## جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى مالايسىيادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى

مالايسىيا مالەككە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم 2000-يىل 10-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە مالايسىيانىڭ مالەككە ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مالاي مىللەتلىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشتى. يىغىندا مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي «مالاي مىللەتلىرى بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىختىكى بېرىش-كېلىشلىرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسى» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى سۆزلەپ، جۇڭگو بىلەن مالەككەنىڭ 15-ئەسىردىلا دوستانە بېرىش-كېلىش قىلغانلىقى، بولۇپمۇ جېڭ خې چەت ئەلگە يەتتە قېتىم دېڭىز سەپىرى قىلغاندا، ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

جۇڭگو ئىسلام مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۈمىد-پىلانلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى، كۇۋەيت، ئالجىرىيە، ئىران، سۇدان، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە، سىرىلانكا، تايلاند، كامبودژا، ۋېيتنام، سىنگاپور ۋە مالايسىيانىڭ ئۆلىمالىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بولۇپ 400دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىنغا داخىل بولغانلار ئۆز سۆزلىرىدە مالاي مىللەتلىرى بىلەن ئىسلام ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، ئىنتېرنېت ئارقىلىق مالاي دۇنياسى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئارىسىدا ئىسلام بىلىملىرى ۋە ئىلمىي بىلىملەرنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق پايدىلىنىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىشتى ۋە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مالاككە ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى داتۇ مۇھەممەد ئەلى رۇستەم مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى ۋە مالاككە ئۆلكىسىدە ياشاۋاتقان جۇڭگولۇق، ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت-مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە بەھرىمەن بولۇۋاتقان ھوقۇقلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى ھەمدە ئىنتېرنېت ئارقىلىق مالاي دۇنياسى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق پايدىلىنىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتتى.

يىغىن ئارىلىقىدا مۇھەممەد ئەلى يۈي جىنگۈي بۇ قېتىمقى يىغىننى ئۇيۇشتۇرغان مالاككە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى داتۇ مۇھەممەد ئەلى رۇستەم بىلەن كۆرۈشتى ۋە دوستانە سۆھبەتتە بولدى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى تەكلىپىگە تەشەككۈر ئېيتتى. مۇھەممەد ئەلى يۈي جىنگۈي يەنە يىغىنغا داخىل بولغان بەزى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلدى، ھەمدە يەنە مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. (ئادىل ھاجى كېرەم)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەلى لىۋ شۇشياڭ ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بارات رەجەپ ئۆمەك باش كاتىپى بولغان، 14 كىشىلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭ جۇڭخۇا ئىسلام دىنى مېھىر-شەپقەت ئۇيۇشمىسى، شياڭگاڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسى ۋە ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 2000-يىل 8-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 28-كۈنىگىچە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا زىيارەتتە بولدى.

زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭدا زىيارەت قىلىش جەريانىدا، شياڭگاڭدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرى بىلەن قىزغىن ۋە سەمىمىي كەيپىياتتا سۆھبەتلەشتى. سۆھبەتتە ھەرئىككى تەرەپ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئۈچ يىللىق تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ زور ئەھمىيىتى ئۈستىدە قىزغىن ئەھۋاللاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاقە ۋە بېرىش-كېلىشنى كۈچەيتىش، ئىسلام مائارىپى ۋە دىنىي پائالىيەتلەر جەھەتتە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك پىكىر ئالماشتۇردى. ئۆمەكتىكىلەر شياڭگاڭ ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شياڭگاڭدىكى مەسچىتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە جيۇلۇڭ مەسچىتىدە 2000 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئاممىسى بىلەن بىرگە جۈمە نامىزى ئۆتىدى.

ئۆمەك ئەزالىرى شياڭگاڭدىن ئاۋمېنغا بارغاندا، ئاۋمېن ئىسلام جەمئىيىتى خادىملىرى، ئاۋمېندا ھازىرقى بار جايدىن پايدىلىنىپ، بىر مەسچىت ۋە بىر ئىسلام مەدەنىيىتى مەركىزى قۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇ يېڭى مەسچىت بىلەن ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ چېرتيوژىنى كۆرسەتتى.

شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، قىزغىن كۈتۈۋېلىشى ھەمدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونلىرىدا تۇرۇشلۇق ئالاقە ئىشخانىسىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئۆمىكىمىز ئۆز زىيارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، 8-ئاينىڭ 28-كۈنى ئىچكىرىگە قايتىپ كەلدى. (بارات رەجەپ)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 6-نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام تەشۋىقات يىغىنىغا قاتناشتى

باش شتابى لىۋىيەنىڭ پايتەختى تىرىپولىغا جايلاشقان دۇنيا ئىسلام تەشۋىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەد شەرىفنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇستافا ياڭ جىبو بىلەن خەلقئارا بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم 9-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە ھىندونېزىيىنىڭ پايتەختى جاكارتادا ئۆتكۈزۈلگەن 6-نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام تەشۋىقات يىغىنىغا قاتناشتى. ھىندونېزىيىنىڭ زۇڭتۇڭى ئابدۇرەھمان ۋاھىد يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ھىندونېزىيە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى، دىن ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى ۋە ھىندونېزىيىنىڭ باشقا ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى، شۇنىڭدەك ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھىندونېزىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىمۇ تەكلىپكە بىنائەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن «ئىسلام تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر» دېگەن تېمىدا ئېچىلغان بولۇپ 130 دۆلەتتىن كەلگەن 300 دىن ئارتۇق ئۆلىما، ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا لىۋىيە ئىسلام تەشۋىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەد شەرىف خىزمەت دوكلاتى قىلىپ، لىۋىيە ئىسلام تەشۋىقات جەمئىيىتىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن خۇلاسە چىقاردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا ۋە لاتىن ئامېرىكا قىتئەسىدىن كەلگەن ۋەكىللەر يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا تۆۋەندىكى يىغىن قارارى ماقۇللاندى:

1. ئىلغار پەن-تېخنىكا ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ئىسلام تەشۋىقاتى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش؛
2. ئىسلام تەشۋىقاتى خادىملىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛
3. ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي سۆھبەت قىلىشى ۋە ھەر قايسى دىنلار ئارىسىدا مەدەنىي سۆھبەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش؛
4. ئايال مۇسۇلمانلار مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئازسانلىق مۇسۇلمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش؛
5. پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىسلام ئىقتىساد سىستېمىسىنى ئورنىتىش قاتارلىقلار.

يىغىن مەزگىلىدە بەزى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن دوستانە سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلدى؛ ھىندونېزىيە ئۆلىمالار جەمئىيىتى ۋە مۇھەممەدىيە جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن دوستانە سۆھبەتلىشىپ ئۆزئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىندى؛ كورىيە ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ياپونىيە ئىسلام مەركىزىدىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇلدى؛ كورىيە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى جەمئىيىتىمىزنىڭ ۋەكىللەر ئۈمىكىنى كېلەر يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كورىيەگە دوستانە زىيارەتكە تەكلىپ قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(ئادىل ھاجى كېرەم)

## سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىرى شاھزادە سۇلتان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى

مەملىكىتىمىزدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىرى، قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە ۋە ئاۋىئاتسىيە ۋەزىرى شاھزادە سۇلتان 10-ئاينىڭ 13-كۈنى كەچتە بېيجىڭدىكى دياۋيۈتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا جەمئىيىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشكە جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئەلى لىۋ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن، جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن مۇستافا ياڭ جىبو، بارات رەجەپ قاتارلىقلار قاتناشتى.

جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ ئالدى بىلەن جەمئىيەت رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇنغا ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن شاھزادە سۇلتاننىڭ مەملىكىتىمىزنى رەسمىي زىيارەت قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مەسئۇللىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتتى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ئىسلام ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى، پادىشاھ ئالىيلىرى ۋە ۋەلى ئەھدى شاھزادە ئابدۇللاغا بولغان چوڭقۇر سالىمى ۋە ھۆرمىتىنى يەتكۈزدى. ما يۈنفۇ يەنە شاھزادە سۇلتانغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

شاھزادە سۇلتان ئالدى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى فەھدنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا يوللىغان سالىمى ۋە گۈزەل ئارزۇسىنى يەتكۈزدى، ئۇ ئەستايىدىل ھالدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل سورىدى ۋە جۇڭگو ئىسلام مائارىپى ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ئىئانە ئاتىدى. كۆرۈشۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن شاھزادە سۇلتان خۇشاللىق بىلەن جەمئىيىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. (ئادىل ھاجى كېرەم)

## شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ھاۋالە فوندى باش ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچكى رايونلاردا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ھاۋالە فوندى باش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەزىزۇل راخمان سۇففىئاد شى خۈي باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشىلىك شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ھاۋالە فوندى باش ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 2000-يىلى 10-ئاينىڭ 22-كۈنى بېيجىڭغا كېلىپ جەمئىيىتىمىز ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى ھەم سەممىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. مەركەز ۋە يەرلىكتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ ئۆمەككە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. مەركىزىي بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تيەن خېنيەن، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ زوئەن قاتارلىقلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىشى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى. مېھمانلار ھەرقايسى رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشى ۋە سەممىي سۆھبىتىگە تەشەككۈر بىلدۈردى. سۆھبەت جەريانىدا رەھبەرلەر ئۆمەك ئەزالىرىغا دۆلىتىمىزنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان بۈيۈك ئىستراتېگىيە قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ، شياڭگاڭدىكى ھەر ساھە كىشىلىرى جۇملىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشىنى، بۇ ئارقىلىق ئۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نامراتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۆمەك باشلىقى شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە كېلەر يىلى غەربىي رايوندىكى مۇسۇلمانلار بىرقەدەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا بېرىپ، ئۇ جايدا كۆرگەن، ئاڭلىغان ئۇچۇرلارنى شياڭگاڭدىكى غەربىي رايونغا مەبلەغ سېلىشنى خالايدىغان كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەلى ليۇ شۇشياڭنىڭ ھەمراھلىقىدا تيەنجىن، خېبېي ۋە شەندۇڭدا زىيارەتتە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بارغانلىكى جايلاردا، جايلاردىكى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار يەرلىكتىكى مەسچىتلەر، خۇيزۇ مەكتىپى، مۇسۇلمانلار يېمەك-ئىچمەك زاۋۇتى قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق، پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ھالدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ ۋە بېرىپ-كېلىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. (بارات رەجەپ)

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 2000-يىل 11-ئاينىڭ 21-كۈنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. يىغىنغا ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ جەمئىيەتتە تۇرۇپ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇۋاتقان مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىيۇ جېنچياڭ، ئىدارە باشلىقى ئابدۇللا ھەمدۇللا، مۇئاۋىن باشلىقلىرى رىشىت نىياز، ھىسامىدىن قاتارلىقلار يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

يىغىندا ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر، ئىسلام جەمئىيىتى ۋە دىنىي زاتلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد ۋە تەلەپلەر ئۈستىدە توختالدى. شەمشىدىن ھاجى ئالايىتەن بېيجىڭدىن كېلىپ، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ھەردەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى، كەڭ دىنىي زاتلار، ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، دىنىي پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قوشقان تۆھپىلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، "تۆتنى قوغداش" بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غەربىي قىسمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى يېنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، دىنىي زاتلار ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، بىدئەت تەلىماتلارغا تاقابىل تۇرۇش، ۋەز-تەبلىغ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى پائال يېتەكلەش، يېڭى بىر ئەۋلاد دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۈمىد ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىنغا شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىنكى ئىككى يىللىق خىزمىتىنى يەتتە جەھەتتىن خۇلاسىلاپ ئۆتتى ھەمدە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈپ چىققان "ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆۋرۈكلۈك، ھالقىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى" ئۈستىدە تەكلىپ-پىكىرلەر ئاڭلاندى. يىغىن داۋامىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىسلام جەمئىيەتلىرى خىزمەتلىرىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، شەمشىدىن ھاجى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈيجۇڭ ۋە شەمشىدىن ھاجى، ئابدۇللا ھەمدۇللا، رىشىت نىياز قاتارلىقلار قاتناشتى. جاڭ يۈيجۇڭ مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. 11-ئاينىڭ 23-كۈنى يىغىن ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما ئەنتەي ئاخۇن يىغىننىڭ يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى. قىزىلسۇ ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ مەسئۇلى، مۇدەررىس جارۇللا قارى ھاجىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن يىغىن ئاخىرلاشتى.

## تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2000-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنى شەھەر بويىچە جاپپار ئىمام

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسچىتىدە تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە شەھەرگە قاراشلىق 13 يېزا (بازار)، مەيدان، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدىن بولۇپ توققۇز ئەر-ئايال قىرائەتچى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ باھالاش ھەيئىتى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېھىم قارىي ھاجى قاتارلىق ئىلمىي تەجۋىد قائىدىسى ۋە قىرائەتتىن تولۇق خەۋىرى بار بەش ئۆلىما، ئاخۇن-قارىيلاردىن تەركىب تاپتى. بۇ قېتىمقى قىرائەت مۇسابىقىسى تۇرپان شەھىرىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىدلىك قىرائەت قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەجۋىدلىك قىرائەتنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. (شاھىمەردان)

## لوپنۇر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دىنىي زاتلارنى ئېكسكۇرسىيىگە تەشكىللىدى

ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن لوپنۇر ناھىيىسىدىكى يەتتە دىنىي زات بېيجىڭ، شاڭخەي، شىئەن قاتارلىق شەھەرلەردە 20 كۈن ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىدە بولدى. بۇ جەرياندا دىنىي زاتلار ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي جاپالىق يول يۈرۈپ دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆم-ئىناق ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ياخشى تەسىراتلار بىلەن قايتىپ كەلدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۈچ يىزا-بازارغا بېرىپ دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، يەرلىك ئاممىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى. (ئوسمان تايىپ)

## چاقىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قېتىملىق ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى

بۇ يىغىن 2000-يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا دىنىي زات ۋەكىللىرىدىن 34 كىشى، ناھىيە رەھبەرلىرى، سىياسىي كېڭەش، بىرلىكسەپ ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەتىمىن ئىبراھىم ھاجى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى. يىغىندا يەنە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، "بەشتە ياخشى" دىنىي زاتلارنىڭ ياخشى ئىش-ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلدى. (ياسىنجان غوجىئەخمەت)

## قارا شەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

قارا شەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ناھىيە تەۋەسىدىكى خاتىپ—ئىماملارنىڭ ۋەز-تەبلىغ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە 2000-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى 2-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بارات داموللا ھاجى مۇسابىقىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇسابىقىگە 19 خاتىپ قاتناشتى ھەم يېڭى مەزمۇنلاردا ۋەز-تەبلىغ قىلىشتى، 55 مەسچىتتىن كەلگەن ئىماملار مۇسابىقىنى كۆردى. (ئوسمان تۇرسۇن)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە يېڭى تالىپلارنى قوبۇل قىلدى

2000-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ 7-قارارلىق تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجى، مۇھەممەد قارىي ھاجى ۋە مەكتەپتىكى بارلىق ئۇستاز-تالىپلار بولۇپ 130 كىشى قاتناشتى. مۇراسىمغا دىنىي مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سادىق قارىي ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى، ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى مەكتەپنىڭ بىر يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلدى ھەمدە تالىپلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپ 40 بولۇپ، ئۇلار ئۈچ يىللىق ئوقۇش جەريانىدا مەكتەپنىڭ دەرس كۆرسەتكۈچىدىكى 27 خىل دىنىي كىتابنى تولۇق ئوقۇپ لاياقەتلىك ھالدا ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇلار چەت-يىراق جايلاردىكى ئىمامى كەمچىل مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەشكە تەيىنلەندى. شۇنداقلا بۇ مەكتەپ بۇ يىل 8-ئاينىڭ 5-كۈنى ۋىلايەت بويىچە 10-قارارلىق تالىپلارنى قوبۇل قىلدى. بۇ 40 تالىپ قەشقەردىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئىمامى يوق مەسچىتلەرگە نۇقتىلىق تەربىيىلەپ بېرىلىدىغان تالىپلار بولۇپ، ئۇلار تىل-ئەدەبىيات، سىياسەت، تارىخ، ئەرەب تىلى، دىنىي بىلىم قاتارلىق پەنلەردىن سىناق ئېلىنىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇلارمۇ مەكتەپ دەرس

كۇرسەتكۇچىدىكى 27 خىل دەرسنى تولۇق ئوقۇيدۇ ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەيەردىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە بېرىش پرىنسىپى بويىچە ئۆز يېزىلىرىدا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. (ياقۇپ ھاجى)

## قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ 3-قارارلىق تالىپلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى

بۇ مەكتەپنىڭ 3-قارارلىق ئۈچ يىللىق سىنىپ تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى 2000-يىل 6-ئاينىڭ 30-كۈنى ئىسلام دىنى مەكتىپىدە ئېچىلدى. مۇراسىمغا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد مۇسا، ئوبلاستلىق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، ئۈچ ناھىيە بىر شەھەرنىڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى، مۇددەرىس ئۇستازلار ۋە تالىپلاردىن بولۇپ 130غا يېقىن كىشى قاتناشتى. مەكتەپ مەسئۇللىرى ئۈچ يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش، ئەدىبىيە-ئەخلاق، تۇرمۇش ۋە باشقا خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش بىلەن بىرگە، تالىپلاردىن كۆتىدىغان تەلەپ-ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىردا ئۈچ مىللەتتىن تەركىب تاپقان 45 تالىپقا تون كەيدۈرۈلدى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى. تالىپلار پىلان بويىچە ئۆز جايلىرىغا بېرىپ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. (غالىبجان مۇھەممەد)

## قەشقەر ۋىلايىتىدە دىنىي زاتلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە دىنىي زاتلارنىڭ 2000-يىللىق تۇنجى قېتىملىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى 2000-يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى. كۇرسقا 12 ناھىيە (شەھەر) دىكى نۇقتىلىق جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ ئىمام، خاتىپلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 80 كىشى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى كۇرسقا باشتىن ئاخىر تولۇق قاتناشتى ھەمدە مەخسۇس تېما بويىچە لېكسىيە سۆزلىدى. كۇرستا دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، مىللىي سىياسەت، دىنىي سىياسەت ۋە غەربىي رايوننى ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى، غەربىي رايوننىڭ ئىستىقبالى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئىلغار پەن-تېخنىكىسى قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلاردا مەخسۇس دەرس سۆزلەندى ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. كۇرسنىڭ ئاخىرلىشىش مۇراسىمىدا ۋىلايەتلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى روزى كېرىم مۇھىم سۆز قىلىپ، دىنىي زاتلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەرنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە غەربىي رايوننى ئېچىش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى تەلەپ قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

## يەكەن ناھىيىسىدە ۋەز-تەبلىغ كۇرسى ئېچىلدى

يەكەن ناھىيىسىدە 7-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ۋەز-تەبلىغ كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا ناھىيىدىكى 29 يېزا-بازار شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپلىرى، بىر قىسىم دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بولۇپ 130دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. باشلىنىش مۇراسىمىغا ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى قاتناشتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئوسمان مۇھەممەد مۇھىم سۆز قىلىپ، كۇرسنى چوقۇم ئۈنۈملۈك، ياخشى ئېچىشنى ئۈمىد قىلدى، شۇنداقلا ۋەز-تەبلىغچىلەردىن ۋەز-تەبلىغنى دىنىي سىياسەت، قانۇن-نىزاملار بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئېتىقادچى ئاممىنى ياخشى يېتەكلەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كۇرس جەريانىدا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇسەمەت داموللا قاتارلىق سەككىز ئۆلىما بەزى مۇھىم مەزمۇنلاردا ۋەز-تەبلىغ سۆزلىدى. (ئابلا تۇرسۇن)

## چىرا ناھىيىسىدە تۇنجى قارارلىق غەسسالەلەر كۇرسى ئېچىلدى

چىرا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاممىنىڭ ئارزۇ-تەلىپىگە ئاساسەن 2000-يىل 9-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە تۇنجى قارارلىق غەسسالە (ئايال مېيىت يۇغۇچى) لەر كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ناھىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى يېزا-بازارلاردىكى مەلۇم دىنىي بىلىمى بار، مېيىت يۇيۇشنى خالايدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر ياش، ئوتتۇرا ياشتىكى 44 ئايال قاتناشتى. ئۇلار ئۈچ كۈن دەرس ئاڭلاش ئارقىلىق مېيىت يۇيۇش جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈردى. ئاياللار ئىچىدىكى دىنىي ئادەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. كۇرس ئاخىرىدا كۇرسانتلارغا «ئاياللار ئىچىدىكى دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە يېتەكچىلىك

قىلىش گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى.
(مەھەممەتربە...)

## قارا شەھەر ناھىيىسىدە غەسسالەلەر كۇرسى ئېچىلدى

مېيىت يۇيۇشتىكى بىدئەت ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن قاراشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2000-يىل 9-ئاينىڭ 13-كۈنى غەسسالەلەر كۇرسى ئاچتى. ناھىيە بويىچە ئېچىلغان بۇ ئىككى كۈنلۈك كۇرسقا مەلۇم دىنىي ئاساسى بار، مېيىت يۇيۇشقا ئىرادە باغلىغان، ئۆز جايىدا دائىم تۇرۇشلۇق ياش، ئوتتۇرا ياشلىق 31 ئايال قاتناشتى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بارات داموللا ھاجى كۇرسانتلارغا مۇددەرىسلىك قىلدى، كۇرسانتلار ئىككى كۈن دەرس ئاڭلاش، چۈشەنمىگەننى سوراش ئارقىلىق مېيىت يۇيۇش، كېپەنلەشكە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈۋالدى ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەندى، مېيىت يۇيۇش ئۇسۇلى، رەت تەرتىپى جەھەتتىكى چۈشەنچىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى.
(ئوسمان تۇرسۇن)

## توقسۇن ناھىيىسىدە ۋەزىپىدىكى ئىماملارنىڭ تۈنجى قارارلىق كۇرسى ئېچىلدى

توقسۇن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۈنجى قارار ئويۇشتۇرغان ئىماملار كۇرسى 2000-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە بوستان مەدرىسىدە ئېچىلدى. كۇرسقا ناھىيە تەۋەسىدىكى يەتتە يېزا (بازار) دىن 63 ئىمام قاتناشتى. كۇرسقا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى كېۋىر ھاجى مەسئۇل بولدى. كۇرسانتلارغا قىرائەت دەرس، «ئاقائىد زورۇرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە»، «مۇشكات»، «تەفسىر جالالەين» قاتارلىق دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلدى، دەرس ئارىلىقىدا نىكاھ خۇتبىسى، جۇمە خۇتبىسى، مېيىت يۇيۇش ھەم مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش قائىدىسى ئۆگىتىلدى، يەنە مۇۋاپىق تۈردە دۆلەت قانۇنى، دىنىي سىياسەت ۋە مۇناسىۋەتلىك قائىدە-تۈزۈملەردىن دەرس ئۆتۈلۈپ كۇرسانتلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم ئېڭى ئۆستۈرۈلدى.
(شاھمەردان ئىمىنىياز)

## ★ تۆھپىكار دىنىي زاتلار ★

▲ يېزا ئىگىلىك 3-دۈيزىيە 53-تۇەن بازار مەسچىتىدىكى ئاۋۇت ھاجى، داۋۇت ھاجى، تۇرسۇن ھاجى قاتارلىق دىنىي زاتلار يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئىگە-چاقىسىز 30 دىن ئارتۇق كىشىگە 20 مىڭ 600 يۈەن نەق پۇل، 270 كىلوگرام گۆش، 4000 كىلوگرام ئاشلىق، 100 كىلوگرام ياغ ياردەم قىلدى؛ مىللىي 12-لىيەندىن ئابلا ھاجى ھالال ئىشلەپ بېيىغاندا يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇماي بۇ يىلنىڭ بېشىدا ئالدىن پۇل تاپشۇرۇپ، يەر ئېلىش ئىمكانىيىتى يوق 100 دىن ئارتۇق ئائىلىگە ئىجارە-ھۆددىگە يەر ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى غەمدىن قۇتۇلدۇردى، كېيىن يەنە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار بەش ئائىلىگە 500 كىلوگرام ئۇن، 1200 يۈەن پۇل ياردەم قىلدى؛ 53-تۇەن جۈمە مەسچىتىنىڭ ياش ئىمامى ئابدۇرېھىم قارىي تۇەن تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر دىنىي زات بولۇپ، 1995-يىلى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن. 1995-يىلى ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق لىيەن مەسچىتىنىڭ كونا ھەم خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز يېنىدىن 1500 يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ، پۈتۈن ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، تۆت يىلدا جەمئىي 30 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، 1999-يىلى زامانغا لايىق مەسچىت سالدۇردى، مەسچىت پۈتكەندە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بىر باسما قۇدۇق ئورنىتىپ، لىيەن تەۋەسىدىكى كۆپلىگەن ئاممىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1997-يىلى ئابدۇرېھىم قارى تۇەن تەۋەسىدىكى 20 دىن ئارتۇق مەسچىتنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى ۋە مەزىنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جۈمە نامىزى ھەققىدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىمام، مەزىنلەرنى يىغىپ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان جۈمە نامىزى ھەققىدىكى ئىلمىي-نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق شۇ يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ، ئىتتىپاقسىزلىق مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي بىلىمىنى ئاممىغا بىلدۈرۈش

بىلەن پارتىيىنىڭ مىللىي-دىنىي سىياستىنى ئاممىغا يەتكۈزۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۇ نەزىر-چىراق، توي-تۆكۈننى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇردى. ئۇ يەنە 25 مو مۆلۈك باغ بىنا قىلىپ، يىللىق ئومۇمىي كىرىمنى 15 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى. ئۇ ھازىرغىچە يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە ۋە تۈەن-مەيدان تەرىپىدىن ئۇدا بەش يىل «ئىلغار دىنىي زات» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. (ھەسەنجان قارى)

▲ **مەكىت** ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يېزىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 18 ئائىلىگە 3700 يۈەن نەق پۇل، 18 خالتا ئۇن ياردەم قىلدى. (زەينەپ)

▲ **خوشۇت** ناھىيە تاغارچى يېزا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھۇسەن قارى كۆپ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، بىر كىرا ئاپتوموبىلى ئېلىپ، جامائەتنىڭ ئۆلۈم-يىتىم، نەزىر-چىراق ئىشلىرىغا خالىس ئىشلىتىپ، ئاممىغا قولايلىق ياراتتى. (ھامۇتجان)

▲ **تۇرپان** شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار نامرات ئائىلە ۋە يېتىم-يېسىرلارغا 2700 يۈەن نەق پۇل، 8340 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بويۇم ياردەم قىلدى ھەمدە يېزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مائارىپقا 4500 يۈەن نەق پۇل، 7600 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بويۇم ئىئانە قىلدى. (شاھىمەردان ئىمىننىياز)

▲ **ئاۋات** ناھىيە بازارلىق چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى، «بەشتە ياخشى دىنىي زات» مۇسا قارىي ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئاكتىپ ئادا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىيىنچىلىقى بار «بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە»لەرگە 1000 يۈەن قىممىتىدە پۇل، كىيىم-كېچەك، ئاشلىق ياردەم قىلدى. (ئۆمەرجان سىدىق)

▲ **چىرا** ناھىيە زىندانكۆل كەنت 1-مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئوبۇلھەسەن ھاجى 700 يۈەنگە بىر ئېشەك، ئىككى قوي سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆز كەنتىدىكى ئۈچ نامرات دېھقانغا ياردەم قىلدى. يۇناق كەنت ئازنا بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەتروزى قارىم 280 يۈەنگە ئىككى قوي سېتىۋېلىپ، ئىككى يېتىم بالىغا ياردەم قىلدى. شورخانا كەنتىدىن ئابدۇرېھىم قارىم ئۈچ يىلدىن بۇيان ئىككى نامرات ئائىلىنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ كەلمەكتە. (روزىتوختى داۋۇت)

▲ **قاغىلىق** ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىرىدىن ئابدۇقەييۇم ھاجى، رابىيە ئەمەت، ئابدۇراززاق ھاجى، مەخمۇتجان ھاجى قاتارلىق 44 كىشى يېتىملىقۇم يېزا بۇزغۇنئېرىق 19-كەنتكە بېرىپ، بۇ كەنتتىكى نامرات دېھقان-چارۋىچىلارغا 3380 يۈەن قىممىتىدە كىيىم-كېچەك، رەخت، ئۇن، نەق پۇل، كىتاب-ژۇرنال قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى. (سىدىق تۇردى، ھەسەن تۇردى)

# ♥ ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ♥

▲ **لوپ** ناھىيىسىنىڭ ھاڭگىيا يېزىسى قۇمباغ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد يىمەك-ئىچمەك تىجارىتىدە روناق تېپىپ دۆلەتكە تېگىشلىك باج تاپشۇرغاندىن سىرت، 270 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ساپ كىرىم قىلدى ھەمدە ساخاۋەتلىك، ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپ قىلدى — نامرات ئائىلىلەرنىڭ 50 كە يېقىن پەرزەنتىگە ناۋايلىقنى ئۆگەتتى، ئۇلاردىن ئۈچەيلەنگە 30 مىڭ يۈەن پۇل چىقىم قىلىپ ئۈچ ئېغىزدىن ئۆي سالدۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلدى. 588 يۈەنگە رەخت سېتىۋېلىپ 42 نامرات دېھقانغا تارقىتىپ بەردى؛ بۇنىڭدىن سىرت ئۇ يېزىلىق ساناتورىيىدە بېقىلىۋاتقان ئاجىز بەندىلەرگە ئاش-نان بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپ كەلمەكتە. (ئەلىمەردان ئابدۇللا)

▲ يېزا ئىگىلىك 3-دېۋىزىيە 53-تۇەن مىللىي 6-لىيەندىكى تۇنىياز بۇ يىلقى باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن قۇملۇق شۆبە 3-تارماق مەكتەپكە 500 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. يەنە مىللىي 13-لىيەندىكى قادىر سىدىق 300 يۈەن ئاجرىتىپ 5-لىيەندىكى مىيىپ ئەسقەرگە كىيىم-كېچەك ۋە ئاشلىق ئېلىپ بەردى؛ 53-تۇەندە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن كېسىلىنى داۋالىتالماي قالغاندا، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مەكتەپ مۇدىرى ئابلىكىم دابىت ئوقۇتقۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ 770 يۈەن ئىئانە توپلاپ، كېسەلنىڭ داۋالىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. (ھەسەنجان قارى)

▲ ئونسۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى، 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مۇقىم مۈلۈككە ئىگە خۇسۇسىي كارخانىچى ئەخمەتجان نەمەت بىر قانچە يىللاردىن بۇيان نامرات ئائىلىلەرگە، مېيىپ-ئاجىز كىشىلەرگە 20 مىڭ 500 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل، كىيىم-كېچەك، رەخت، 50 كىلوگرام گۈرۈچ، تۆت تونىنا كۆمۈر ياردەم قىلدى؛ ئۆزى باش بولۇپ سودا-سانائەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 3323 يۈەن نەق پۇل، 7182 يۈەن قىممىتىدە ماددىي لازىمەتلىكلەرنى ئىئانە قىلدى، مائارىپقا 3100 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا 2450 يۈەن پۇل ياردەم بەردى، ناھىيىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىغا 500 يۈەن پۇل ۋە 500 يۈەن قىممىتىدە ماددىي نەرسىلەرنى ياردەم قىلدى. ئۇ يەنە نامرات كەنت ۋە ئورۇنلارغا 6110 يۈەن قىممىتىدە خىش بەردى، ناھىيىلىك ۋە ۋىلايەتلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا 3500 يۈەن پۇل بەردى. (دايىم داۋۇت)

▲ يېقىندا خۇشۇت ناھىيە تېۋلغا بازارلىق جامە مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۇرسۇنجان نىياز 20 مىڭ يۈەن، قالغانلار 10 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. (ھامۇتجان)

يېڭى كىتاب خەۋىرى

كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مۇقەددەس كىتابلارنى چۈشىنىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېقىندا ئۈرۈمچى «تەڭرىتاغ» كىتابخانىسىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن «قىسقىچە ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى (صرف)؛ پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى (معزى)؛ ئەرەب تىلى گرامماتىكىسىدىكى ئاساسىي ئامىللار (عوامل)؛ تاۋۇش بەلگىلىرى (حركات)؛ گرامماتىكا ئاساسلىرى (شرح متن الاجرومى) قاتارلىق بابلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھازىرقى زامان ئەرەب تىلى ۋە كىلاسسىك ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ياخشى دەرسلىك كىتاب بولالايدۇ.

«تەڭرىتاغ» كىتابخانىسى (ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 171-قورۇ، رابىيە قادىر سودا سارىيى ئىچىدە)

پوچتا نومۇرى: 830001 ئالاقىلاشقۇچى: ئابلەت

چاقىرغۇ: 126—8007399 تېلېفون: 2877704 (0991)

## شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى شىنجاڭلىق ئىماملار مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ كۇرسانتلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2000-يىل 10-ئاينىڭ باشلىرى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئاچقان شىنجاڭلىق 1-قارارلىق ئىماملار مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ كۇرسانتلىرى بېيجىڭدىكى ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، تيەنجىن، نەنجىڭ، خاڭجۇ، شاڭخەي، سۇجۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئۆگىنىش-ئېكسكۇرسىيە ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى پارتكوروپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جىنچياڭ، ئىدارە مەسئۇللىرىدىن خەن بىڭ قاتارلىقلار كۇرسانتلارنى قوبۇل قىلدى ۋە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۆھبەت داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، بۇ نۆۋەتتىكى مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ مەسئۇلى نىياز ئالتۇن بۇ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ئېكسكۇرسىيە ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى ۋە تۆت نەپەر كۇرسانت ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. ئاخىرىدا ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە ئابدۇقادىر نەسىردىن مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. كۇرسانتلار بۇ نۆۋەتتىكى ئۆگىنىش-ئېكسكۇرسىيە ئەھۋالىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز جايلىرىغا بارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## "پەلەك شاھى" ئادىل ھوشۇر يەنە بىر قېتىم دۇنياۋى مۆجىزە ياراتتى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** باتۇر تەڭرىتاغ ئوغلى، داڭلىق دارۋاز، "پەلەك شاھى" ئادىل ھوشۇر 2000-يىل 10-ئاينىڭ 6-كۈنى خۇنەن ئۆلكىسىدىكى خېڭشەن تېغىنىڭ فۇرۇڭ چوققىسى بىلەن جۇرۇڭ چوققىسى ئارىلىقىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1399.6 مېتىر، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 436 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 52 مىنۇت 13 سېكونتتا ئۆتۈپ، بوشلۇقتا مېڭىش ئارىلىقى ئەڭ ئۇزۇن بولغان يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتتى. 29 ياشلىق ئادىل ھوشۇر 1997-يىل 6-ئايدا سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا "پەلەك شاھى" دەپ نام بەرگەنىدى.

بۇ نۆۋەت ئۇ قولىغا ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر، ئېغىرلىقى 12.5 كىلوگرام كېلىدىغان تەڭشەكنى ئېلىپ، قويۇق تۇمانلىق، ناچار ھاۋا شارائىتىدا باتۇرلۇق، چەبدەسلىك ۋە مەزمۇت قەدەم بىلەن بۇ ئۇزۇن پولات ئارغامچىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ ئاخىرقى نۇقتىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈشكە كەلگەن 80 مىڭدىن ئارتۇق تاماشىبىن ئۇنى گۈلدۈراس ئالقىش ۋە پۈتۈن تاغنى قاپلىغان قىقاس-چۇقان بىلەن قىزغىن قارشى ئالدى. دۇنيا جىننىس رېكورتى شاڭخەي باش شتابىدىن كەلگەن ۋەكىللەر نەق مەيداندا ئادىل ھوشۇرغا «دۇنيا جىننىس رېكورتى گۇۋاھنامىسى» بەردى. 10-ئاينىڭ 7-كۈنى ئادىل ھوشۇر ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مىجىت ناسىر، مەمتىمىن زاكىر قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

2000-يىل 11-ئاينىڭ 15-كۈنى پايتەخت بېيجىڭ خەلق سارىيىدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو سېرىكچىلەر جەمئىيىتى بىرلىكتە ئادىل ھوشۇرنى قۇتلۇقلاش، مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى جىنيۈ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى گاۋ جيەنشياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زۇنۇن قۇتلۇق قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. يىغىندا ئىسمائىل ئەھمەد ئادىل ھوشۇرغا لەۋھە تەقدىم قىلدى. لى جىنيۈ تەبرىك نۇتقى سۆزلىدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىگە ۋاكالىتەن ئايىم ئەزىزى يىغىنغا ئىشتىراك قىلىپ، ئادىل ھوشۇرغا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ "مىللەت شۇڭقارى، ۋەتەن ئوغلانى" دېگەن بېغىشلىمىسىنى تەقدىم قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا ئادىل ھوشۇر تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يېڭى رېكورتلارنى يارىتىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# ساخاۋەتچىلەرگە ئاپىرىن

مۇھەممەتجان سىددىقى

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر پەسىللىك سانىنى ۋاراقلىغىنىمدا، دىققىتىمنى كۆپرەك تارتقىنى «ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر» ئىستونى بولدى. ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا نەشىرگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، بىر قىسىم ژۇرنال ئوقۇرمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ژۇرنالنى قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ھال ھەر قانداق كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاپ، بۇ ساخاۋەتچىلەرگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنى ئۇلغايتىدۇ. بۇ خىل روھنىڭ تۈرتكىسىدە جەمئىيىتىمىزدە پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىئانە ئاتاشتەك يېڭى كەيپىيات شەكىللەنمەكتە.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەردە مۇسۇلمانلار دائىم ياخشى ئىش قىلىشقا، يامان ئىشلاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا، بولۇپمۇ كەمبەغەل-مىسكىن، بىچارىلەرگە ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە چاقىرىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۇلارغا يول كۆرسىتىۋاتقان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىردىنبىر ژۇرنال بولۇپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بىر ژۇرنالدا تەشۋىق قىلىنىۋاتقان ساخاۋەتچىلىرىمىزگە چىن كۆڭلىمىزدىن تەشەككۇر ئېيتىمىز.

ئىسلام دىنى بايلىقنى چەتكە قاقماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ خالىس نىيەتتە ئەقىل پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ھەرخىل ھۈنەر-كەسپلەر ئارقىلىق زېمىندىكى بايلىق مەنبەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېچىپ، ئۇنى بۇ دۇنيالىق مەئىشتى ۋە ئاخىرەتلىك ساۋابلىق ئىشلار ئۈچۈن سەرپ ئېتىشنى بېكىتكەن. ئاللاتائالا دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقىنى بەندىلەرگە ۋەسلە قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ ئىسلام دىنىمىزنىڭ بايلىق قارىشىنىڭ ئېنىق، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەلىلى ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. مەركەز نۆۋەتتە غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى. بۇنىڭغا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشىدىغانلىقى مۇقەررەر. ياخشىلىق قىلىشنىڭ چېكى يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: "سەن ياخشى ئىشلار قاتارىدا بولغان ھەرقانداق بىر ئىشنى كىچىك سانىما، گەرچە سەن قېرىندىشىڭغا تەبەسسۇم چىرايىڭنى كۆرسەتسەڭمۇ كۇپايە..." دەپ تەلىم بەرگەن. جەمئىيىتىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھالال مېھنەت بىلەن بېيىغاندىن كېيىن «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەن ئاللا بۇيرۇغان پەرھىز-ھەقلەرنى ئادا قىلىپ، پۇل-ماللارنىڭ بىر قىسمىنى جەمئىيەت پاراۋانلىقىغا ۋە خالىس-ساۋابلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ئاللانىڭ ساۋابىغا، ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: "جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سابىق ئەزاسى، گۇچۇڭ بازىرى خانىبرىق چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپى، ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ئىبراھىم داموللا ھاجى (104 ياشتا ۋاپات بولغان) ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز خىراجىتى بىلەن گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇپ ئوقۇپ كەلگەن. ھەرقانداق ئورۇندا خەتمە قۇرئان تامام قىلغان، دۆلەت-تەكبىر ئوقۇغاندا قويۇلغان پۇللارنى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا مائارىپقا، يېتىم-يېسىر، ئىگە-چاقىسىز كىشىلەرگە ئىئانە قىلىۋەتكەن "(«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ 1999-يىل 1-سان، 62-بەت). گوما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك مائارىپ مۇلازىملىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئۇبۇلقاسىم مەتشىرىپ ھاجى ئانىسىنىڭ نەزىرىگە تەييارلىغان 6000 يۈەنگە 2500 كىلوگرام ئاق ئۇن سېتىۋېلىپ، ئۇنى كۆكتېرەك، موكويلا، مۇجى يېزىلىرىدىكى 200دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەرگەن («جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ 1999-يىل 3-سان 43-بەت). «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ پېشقەدەم مۇھەررىرى مەرھۇم جاپپار ئەمەتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى نەزىرىگە ئاتىغان 5000 يۈەننى قاراقاش ناھىيىلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق مەكتىپىگە ئىئانە قىلغان («جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ 1999-يىل 3-سان، 6-بەت).

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى بۇنىڭغا ئوخشاش خالىس ئىئانە قىلغۇچىلارنى ھەر بىر ساندا ئۇچرىتىدۇ. بىز بۇ روھنى يەنىمۇ ئۇلغايتىشىمىز، كېڭەيتىشىمىز لازىم. بىز يەنە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاللاتائالا بېكىتىپ بەرگەن ئۆلچەم-پرىنسىپلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئۆگىنىدىغان بولساق، ئىسلام دىنىمىزنىڭ جەمئىيەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئىنسانلار مۇشۇ تۈزۈم، مۇشۇ پرىنسىپلار بويىچە ماڭىدىغانلا بولسا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىناق، دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇھىتى ئىچىدىكى نەمۇنە جەمئىيەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. ئاللا ساخاۋەتلىك كىشىلەرگە پاك ئىمان، ھىدايەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

ئاپتور: «بورتالا گېزىتى» ئىدارىسىدىن

## ھېيت-ئايەملەرنىڭ ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ۋاقتى جەدۋىلى❶

### ھىجرىيە 1444-يىل (مىلادىيە 2022—2023-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | 2022-يىل 7-ئاينىڭ 30-كۈنى | شەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي)نىڭ 10-كۈنى | 8-ئاينىڭ 8-كۈنى | دۈشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي)نىڭ 12-كۈنى | 10-ئاينىڭ 8-كۈنى | شەنبە |
| مىئراج كېچىسى | رەجەب (7-ئاي)نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 2023-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۈنى | جۈمە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي)نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 3-ئاينىڭ 7-كۈنى | سەيشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | 3-ئاينىڭ 23-كۈنى | پەيشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي)نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 4-ئاينىڭ 17-كۈنى | دۈشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | 4-ئاينىڭ 22-كۈنى | شەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي)نىڭ 10-كۈنى | 6-ئاينىڭ 29-كۈنى | پەيشەنبە |

### ھىجرىيە 1445*-يىل (مىلادىيە 2023—2024-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | 2023-يىل 7-ئاينىڭ 19-كۈنى | چارشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي)نىڭ 10-كۈنى | 7-ئاينىڭ 28-كۈنى | جۈمە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي)نىڭ 12-كۈنى | 9-ئاينىڭ 27-كۈنى | چارشەنبە |
| مىئراج كېچىسى | رەجەب (7-ئاي)نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 2024*-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنى | سەيشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي)نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 2-ئاينىڭ 24-كۈنى | شەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | 3-ئاينىڭ 11-كۈنى | دۈشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي)نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 4-ئاينىڭ 5-كۈنى | جۈمە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | 4-ئاينىڭ 10-كۈنى | چارشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي)نىڭ 10-كۈنى | 6-ئاينىڭ 17-كۈنى | دۈشەنبە |

### ھىجرىيە 1446-يىل (مىلادىيە 2024—2025-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | 2024*-يىل 7-ئاينىڭ 8-كۈنى | دۈشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي)نىڭ 10-كۈنى | 7-ئاينىڭ 17-كۈنى | چارشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي)نىڭ 12-كۈنى | 9-ئاينىڭ 16-كۈنى | دۈشەنبە |
| مىئراج كېچىسى | رەجەب (7-ئاي)نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 2025-يىل 1-ئاينىڭ 26-كۈنى | يەكشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي)نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 2-ئاينىڭ 13-كۈنى | پەيشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | 3-ئاينىڭ 1-كۈنى | شەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي)نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 3-ئاينىڭ 26-كۈنى | چارشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | 3-ئاينىڭ 31-كۈنى | دۈشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي)نىڭ 10-كۈنى | 6-ئاينىڭ 7-كۈنى | شەنبە |

❶ باش قىسمى ئۆتكەنكى سانلاردا

www.uyghurkitap.com

## ھىجرىيە 1447-يىل (مىلادىيە 2025—2026-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | **2025**-يىل 6-ئاينىڭ 27-كۈنى | جۈمە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 7-ئاينىڭ 6-كۈنى | يەكشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 9-ئاينىڭ 5-كۈنى | جۈمە |
| مىراج كېچىسى | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | **2026**-يىل 1-ئاينىڭ 15-كۈنى | پەيشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 2-ئاينىڭ 2-كۈنى | دۈشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2-ئاينىڭ 18-كۈنى | چارشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 3-ئاينىڭ 15-كۈنى | يەكشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 3-ئاينىڭ 20-كۈنى | جۈمە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 5-ئاينىڭ 27-كۈنى | چارشەنبە |

## ھىجرىيە 1448-يىل (مىلادىيە 2026—2027-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | **2026**-يىل 6-ئاينىڭ 17-كۈنى | چارشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 6-ئاينىڭ 26-كۈنى | جۈمە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 8-ئاينىڭ 26-كۈنى | چارشەنبە |
| مىراج كېچىسى | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | **2027**-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى | سەيشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 1-ئاينىڭ 23-كۈنى | شەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2-ئاينىڭ 8-كۈنى | دۈشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 3-ئاينىڭ 5-كۈنى | جۈمە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 3-ئاينىڭ 10-كۈنى | چارشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 5-ئاينىڭ 17-كۈنى | دۈشەنبە |

## ھىجرىيە 1449-يىل (مىلادىيە 2027—2028-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | **2027**-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى | يەكشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 6-ئاينىڭ 15-كۈنى | سەيشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 8-ئاينىڭ 15-كۈنى | يەكشەنبە |
| مىراج كېچىسى | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 12-ئاينىڭ 25-كۈنى | شەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | **2028***-يىل 1-ئاينىڭ 12-كۈنى | چارشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 1-ئاينىڭ 28-كۈنى | جۈمە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 2-ئاينىڭ 22-كۈنى | سەيشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2-ئاينىڭ 27-كۈنى | يەكشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 5-ئاينىڭ 5-كۈنى | جۈمە |

ئىزاھ: *بەلگىسى قويۇلغان يىللار ھىجرىيىدىمۇ، مىلادىيىدىمۇ كەبىسە يىلى ھېسابلىنىدۇ.

(رەتلەپ ئىشلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا بېرىلىدۇ)

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق ماقالىلارنىڭ مۇندەرىجىسى


## ئالاھىدە خەۋەرلەر

لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى ............ (3، 1)
جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ...... (5، 1)
دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا يوللىغان تەبرىك خېتى .................................. (8، 1)
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگونىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى 7-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا يوللىغان تەبرىك خېتى ............... (9، 1)
جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد سۈرىيە زۇڭتۇڭى ھافىز ئەسەدنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى ..................... ئادىل ھاجى كېرىم (3، 3)
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تۆت ئىسلام دۆلىتىدە زىيارەتتە بولدى ............................ ئەكبەر غۇلام (5، 3)
3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى ... بارات رەجەپ (6، 3)
دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى 1-قارارلىق شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپىنى يوقلىدى ............................ بارات رەجەپ (5، 4)
جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇندا 1-قارارلىق شىنجاڭ ئىماملىرى مۇھاكىمە سىنىپى ئېچىلدى ... بارات رەجەپ (6، 4)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

زىكرى (ئاللانى ياد ئېتىش) ھەققىدە ................... مۇھەممەد سالىھ ھاجى (37، 1)
«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» توغرىسىدا ..................... قەمەرىددىن ئەھمەد (47، 1)
ئىسلام دىنىدا «قەسەم» توغرىسىدا شەرىئەت ھۆكۈمى—بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇشقا تىرىشايلى .......................... ئابدۇۋەھاب سۇڭ ئېنلىن (3، 2)
«ساۋاب»نىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەققىدە ..................... ئابدۇۋەھاب سۇڭ ئېنلىن (8، 3)
ئىسلام دىنى ئەركانلىرى بىلەن ئەخلاقنىڭ تەكپۇكلۇق مۇناسىۋىتى ......... قەمەرىددىن ئەھمەد (8، 4)

## «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم»بىلىملىرى خەزىنىسى— «قۇرئان كەرىم»ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس كىتابى ...... ..................... ھاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭ (7، 2)
«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنلىرى ..................... ھاجى يەھياسەنۇبەر لىن سۇڭ (12، 3)
«قۇرئان كەرىم»نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە رەت تۈزۈلمىسى ............ ھاجى يەھياسەنۇبەر لىن سۇڭ (13، 4)
«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنى ئۆگىنىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى ۋە بەزى تەجۋىد ئەھكاملىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ......................... قەمەرىددىن ئەھمەد (28، 2)
«قۇرئان كەرىم»دە ئىشلىتىلگەن بىر نەچچە ئوخشىتىشنىڭ رولى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ...... جارۇللا يۇسۇپ (23، 4)

## ئىسلام ئەقىدىلىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان نامازنىڭ بايانى .................... ئابلەھەت قۇربان (28، 3)
ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ! .............. مەمتىمىن سېيت (36، 3)

## ۋەز-تەبلىغ

جازانىخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ..................... تۇرسۇننىياز ئاۋۇت (57، 1)
تىلەمچىلىك ۋە سەدىقە بېرىش ھەققىدە ..................... سابىت قارىي سەمەت (58، 1)
قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە قىسقىچە بايان ..................... ئابدۇراخمان ئىسمائىل (60، 1)
ئىسلام دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ..................... ما گۇيباۋ (45، 2)
ئەپۇچان، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ......... ئىبراھىم ما فېڭكۇي (38، 3)
ۋەز-تەبلىغ توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ..................... ياڭ زۇڭدې (26، 4)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قۇرئان كەرىم»نىڭ قەدرىگە يېتەيلى ............ مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا(30، 4)
ئىسلام دىنى ئىلىم-پەننى تەشەببۇس قىلىپ، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرىدىغان دىن ............ ما يەنبىڭ(35، 4)

**⬠ ئاتاقلىق سەنئەتكارلىرىمىز**

ئاتاقلىق رەسسام ۋە خەتتات غازى ئەھمەد ............ مەھمۇدى(41، 4)
ھۆسنخەت ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز ............ غازى ئەھمەد(42، 4)
غازى ئەھمەدنىڭ ئەرەبچە ھۆسنخەتلىرىدىن تاللانما ............ (43، 4)

**⬠ ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار**

مەنىۋى قاتىللىقنىڭ رەھىمسىز پاجىئەسى ............ ھاجى ئاتىكە مىرئەھمەد(44، 4)

**⬠ تەۋسىيە**

تاپقان تەرگىنىمىزنى تۇزۇتمايلى، ياخشىلىققا يۈزلىنىپ ياشايلى ............ ھۇسەنجان تۇرسۇن(40، 4)

**⬠ دىنىي زاتلىرىمىز مەسئۇلىيىتى**

ئىسلام دىنىدىكى ئەمرىمەرۇپ ۋە نەھى-مۇنكەر توغرىسىدا ............ ئابدۇرەھمان ئىسمائىل(41، 3)

**⬠ خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر**

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زىيارەتتە بولدى ...
............ مۇستافا ياڭ جىبو(62، 1)
مەملىكىتىمىز قارىيلىرى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلاندى ............ مۇسا(63، 1)
جۇڭگونىڭ مىسىردا ئوقۇۋاتقان تالىپلىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا ئەلا بولدى ............ ۋاڭ جىنيا(63، 1)
ماراكەشنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى .........
............ ئادىل ھاجى كېرەم(48، 2)
نورۋېگىيە دىنىي ئىشلار ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى ...... ئادىل ھاجى كېرەم(49، 2)
رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن 13-نۆۋەتلىك «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى» يىغىنىغا قاتنىشىپ كەلدى
............ چاڭ چىڭلياڭ(43، 3)
مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى 12-نۆۋەتلىك «ئىسلامىيەت ئالىي كېڭەشى مەجلىسى»گە قاتنىشىپ كەلدى
............ ھاجى مەھمۇدى(44، 3)
مەسلىھەتچى نۇئمان ما شيەن «ئىراق شەرق ئىسلام دۇنياسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىپ كەلدى
............ ئۆز مۇخبىرىمىز(47، 3)
ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ...... مۇستافا(48، 3)
ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى زىيارەت قىلدى ............ سۇ شىڭجى(49، 3)
سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇرەھمان سۇدەيس جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ............ ئادىل ھاجى كېرەم(49، 3)
مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى تاشكەنت ۋە بۇخارادا ئېچىلغان "خەلقئارالىق دىنلار ئارا مۇلاقەت يىغىنى"غا قاتنىشىپ
كەلدى ............ ھاجى مەھمۇدى(47، 4)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ھەج پائالىيىتىگە تەشكىللەش، تەربىيىلەش
خىزمەت يىغىنىغا قاتناشتى ............ ئادىل ھاجى كېرەم(48)
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەكىللىرى مالايسىيادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى
............ ئادىل ھاجى كېرەم(49، 4)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنى زىيارەت قىلدى ......... بارات رەجەپ(50، 4)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 6-نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام تەشۋىقات يىغىنىغا قاتناشتى ...... ئادىل ھاجى كېرەم(51، 4)
سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىرى شاھزادە سۇلتان جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ............ ئادىل ھاجى كېرەم(51، 4)
شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ھاۋالە فوندى باش ئۇيۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچكى رايونلاردا زىيارەتتە بولدى
............ بارات رەجەپ(52، 4)



جەمئىيىتىمىز رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن جۇڭگو ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەركىبىدە ب د ت دا ئېچىلغان "دۇنيا دىنلىرى ۋە دىنىي داھىلار مىڭ يىللىق تىنچلىق يىغىنى"غا قاتناشتى.



جەمئىيىتىمىز مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىددىن ھاجى دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىقلار بىلەن بىللە تاشكەنت، بۇخارادا ئېچىلغان "دىنلار ئارا مۇلاقەت يىغىنى"غا قاتناشتى.



جەمئىيىتىمىز مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، خەلقئارا بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرىم مالايسىيادا خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىدا.
(سۈرەتنى ئادىل ھاجى كېرىم تەمىنلىگەن)




جەمئىيىتىمىز مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ، خەلقئارا بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرىم مالايسىيادا ھەج خىزمەت يىغىنىدا.
(سۈرەتنى ئادىل ھاجى كېرىم تەمىنلىگەن)



جەمئىيىتىمىز مۇئاۋىن رەئىسى ئەلى لىيۇ شۇشياڭ، مۇئاۋىن باش كاتىپى بارات رەجەپنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا زىيارەتتە بولدى. (سۈرەتنى مېن چاڭ تارتقان)



جەمئىيىتىمىزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شياڭگاڭ ئىسلام دىنى ھاۋالە باش ئويۇشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە زىيارەتتە بولدى. سۈرەتتە ئۇلار جەمئىيىتىمىزگە خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلماقتا. (سۈرەتنى لىيۇ چاڭشىڭ تارتقان)




سەئۇدى ئەرەبىستانى [illegible] باش ۋەزىرى شاھزادە سۇلتان جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىرى [illegible] (سۈرەتنى ۋېن جيەن تارتقان)



جەمئىيىتىمىز مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇستاپا ياڭ جىبو، خەلقئارا بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرىم ھىندونېزىيىدە دۇنيا ئىسلام تەشۋىقات يىغىنىدا.
(سۈرەتنى مۇستاپا ياڭ جىبو تەمىنلىگەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق توپلىمى

《中国穆斯林》(维吾尔文版)　2000 年合订本（总54-57期）

刊号: ISSN 1007—5836 :خەلقئارالىق نومۇرى ژۇرنالنىڭ
CN11—1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى

公开发行　定价: 25 元

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　باھاسى: 25 يۈەن